# مىللەت ۋە دىن

# 民族与宗教

1

2000

(ئومۇمىي 30 - سان)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەت، دىن ئىشلىرى كومىتېتى تۈزدى

# دېڭ شياۋپىڭنىڭ مىللەت نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ ئەسىر ھالقىش مەزگىلىدىكى مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيلى

دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لى دېجۇ

پارتىيىنىڭ 15 ـ قۇرۇلتىيى بىزگە ئەسىر ھالقىغاندا راۋاج تېپىشنىڭ ئۇلۇغ نىشانىنى سىزىپ بەردى. بۇ ئۇلۇغ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنى تىنچ ـ ئامان، ئىناق، ئىتتىپاق بولغان سىياسىي مۇھىت بىلەن كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك. مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتى دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىغا باغلىنىشلىق، مىللىي رايونلارنىڭ مۇقىملىقى دۆلەتنىڭ مۇقىملىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بىز جەزمەن دۆلەت تەرەققىياتىنىڭ ۋە مۇقىملىقىدىن ئىبارەت ئومۇمىي ۋەزىيەتنى چىقىش قىلىپ، ئەسىر ھالقىش مەزگىلىدىكى مىللەتلەر خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم.

ئەسىر ھالقىش مەزگىلىدىكى مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، جەزمەن دېڭ شياۋپىڭنىڭ مىللەت نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش لازىم. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرى تۆۋەندىكىچە: مىللەت مەسىلىسى دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە بېرىپ چېتىلىدىغان ئىنتايىن چوڭ مەسىلە، شۇڭا، مىللەتلەر خىزمىتىنى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا قويۇش لازىم؛ بىزنىڭ سىياسەتلىرىمىز مىللەتلەرنىڭ ھەقىقىي باراۋەرلىكى ئۈستىگە قۇرۇلغان؛ بىز ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەنپەئىتىگە ئىنتايىن ئېتىۋار بېرىشكە دىققەت قىلىۋاتىمىز. زور مىللىي ماجىرا يۈز بەرمىگەنلىكى. جۇڭگودىكى ئەڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكتۇر. ئېلىمىزدىكى ھەرقايسى قېرىنداش مىللەتلەر دېموكراتىك ئىسلاھات ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، ئاللىبۇرۇنلا سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىپ، سوتسىيالىستىك ئىناق، ئىتتىپاق، ياردەملىشىپ ھەمكارلىشىشتەك يېڭىچە مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ئورناتتى. ئېلىمىزنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ئاساسەن، ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئاساسلىقى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتتۇر. ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدايمىز، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىمىز دەيدىكەنمىز، ئۇ ھالدا، ھەم چوڭ خەنزۇچىلىققا قارشى تۇرۇشىمىز، ھەم يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇشىمىز؛ «خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ» دېگەن كۆزقاراشنى تۇرغۇزۇشىمىز، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە بايرىقىمىز روشەن ھالدا قارشى تۇرۇشىمىز لازىم؛ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىمىزنىڭ ئەۋزەللىكىدۇر، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرگەندىلا، ھەرقايسى مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا ھەقىقىي مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەيمىز. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى كۆزەتكەندە، ئۇ جايلارنىڭ تەرەققىي قىلغان ياكى تەرەققىي قىلمىغانلىقىغا قاراش لازىم. ھازىرقى باسقۇچتا، دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر مەسىلىسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى تەلەپ قىلىش تەخىرسىزلىكىدە بىر قەدەر مەركەزلىك ھالدا ئىپادىلىنىۋاتىدۇ. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇش، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك؛ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى خىزمىتىنىڭ ياخشى

ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر
دىن ئىشلىرى كومىتېتى
باشقۇرۇشىدىكى ژورنال

# مىللەت ۋە دىن

2000 ـ يىل 1 ـ سان
(ئومۇمىي 30 ـ سان)

* * * * * * *

تەھرىر ھەيئىتىنىڭ پەخرى
مۇدىرى: ليۇ يەنچىڭ
تەھرىر ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى:
ئابدۇللا ھەمدۇللا
تەھرىر ھەيئىتىنىڭ
مۇئاۋىن مۇدىرى:
شۇ شىجيې، ئابدۇرېشىت
نىياز، خې جۇڭدې
تەھرىر ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى:
ئۇركېنقان ساتىرباي، ۋېي
جاۋلىن، مۇساجان مەھەممەت،
بېيجىن، مۇختار سادىق،
دىجىي، جىندېك، ۋاڭ ياۋشىن،
تۆمۈر غوپۇر، ئىسمايىل
يۇنۇس، ھامۇت قاسىم،
ئابلىز ناسىر، ئابلىز
ئابدۇكېرىم، خۇ جيەنجۇن،
چىن يۇڭ، يەن فىڭكەي،
ئابدۇراخمان كېرەم
باش مۇھەررىرى:
گې فىڭجياۋ
تەكلىپلىك مۇھەررىر:
ئەركىن ئىمىنىياز
مۇھەررىرلەر:
مەخمۇت، ئەركىن ئىمىنىياز،
كۇلەيخان، فاڭ رويۇ، لى فىڭبو
بۇ ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى:
ئەركىن ئىمىنىياز


## مۇندەرىجە


★مەخسۇس ماقالە★

دېڭ شياۋپىڭنىڭ مىللەت نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ ئەسىر ھالقىش مەزگىلىدىكى مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيلى ... لى دېجۇ (مۇقاۋىنىڭ 2 ـ بېتىدە)

★خىزمەت تەشەببۇسى★

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مەركەز چاقىرغان مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى .................... (1)

★دىن خىزمىتى مۇنبىرى★

مەۋقەنى ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت ئۈستىگە تىكلەپ نۆۋەتتە يۈز بەرگەن دىن جەھەتتىكى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلايلى ..............
.............. بېكموھەممەد مۇسا (3)

دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا مۇلاھىزە .............. ۋېي جاۋلىن(9)

★مىللەت ۋە دىن خىزمىتى مۇنبىرى★

مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلەر بىلەن دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى مەسىلىسىگە توغرا مۇئامىلە قىلىپ پارتىيىنىڭ مىللىي دىنىي سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرايلى ...... ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى (17)

★دىن خىزمىتى مۇنبىرى★

ۋەتەننى ۋە ئۆز دىنىنى سۆيىدىغان «5 تە ياخشى» مەسچىد ئۈرۈمچى شەھىرى باداۋان كۆمۈركان مەسچىدى (29) ..............................

★مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى★

خەلقنىڭ سادىق چاكىرى نامراتلارنى يۆلەشنىڭ تۆھپىكارى .............. جاڭ يۈەنچىڭ (33)

★شانلىق 50 يىل★

ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن

يېتىشتۈرەيلى ………………………… ماكوڭيۇ، چىچەكلى (38)
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر دىن خىزمىتى ئورگىنىنىڭ تەرەققىيات تارىخى ………………………… چىچەكلى (47)

★غەربىي يۇرت تۇسى★

شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى ……………… (52)

★مىللەتلەر تەنتەربىيىسى★

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەملىكەتلىك 6 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش ئەھۋالىنى خۇلاسىلەش ۋە تەقدىرلەش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز ………………………… مەمتىمىن زاكىر (54)
مەملىكەتلىك 6 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنى شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى خىزمىتىدىن خۇلاسە ……………… خې جۇڭدې (61)

★تەكشۈرۈش ۋە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش★

دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇرۇپ ئىلى ئوبلاستىنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەيلى ……………… ئۆركېنقان ساتىرباي (69)
«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تىل - يېزىق خىزمىتى نىزامى» نى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىپ شىخەنزىنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى ………………………… (77)
سانجى ئوبلاستى نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىدە كۆرىنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى ………………………… (82)

★يېڭى ئەسىرگە يۈزلەنگەن مىللەتلەر★

ئۇيغۇرلار ئەنئەنىۋىيلىكتىن ھالقىپ ئۆتۈپ زامانىۋىيلىشىشقا قەدەم تاشلىماقتا……………… ليۇشىنخۇي، لى شاۋلىڭ، فەن يىڭلى (85)
رۇس مىللىتى پەن - مائارىپقا تايىنىپ گۈزەل يۇرت قۇرماقتا ………………………… جاۋفىڭ (89)
بىز جۇڭگولۇق تاتار كىشىلىرى ………………………… (91)
ئۆزبېك مىللىتىنىڭ ساپاسى كۈنسېرى يۇقىرى ئۆرلىمەكتە ……………… (93)

★خىزمەت خەۋەرلىرى★

سانجى ئوبلاستى ماقالە يېزىشتا يېڭى ئامال تاپتى ……………… نيۇبىڭ(96)

★چوڭ ئىشلار خاتىرىسى★

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ خىزمەت خاتىرىسى ………………………… (97)

# ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مەركەز چاقىرغان مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى

مەركەز چاقىرغان مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى ۋە گوۋۇيۇەن چاقىرغان 3 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، يىغىن روھىنى يەتكۈزۈشنى ۋە ئۆگىنىشنى ئەستايىدىل چىڭ تۇتتى. ھەمدە ئوبلاستنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، «ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مەركەز چاقىرغان مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى ۋە گوۋۇيۇەن چاقىرغان 3 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىش ھەققىدە ئورۇنلاشتۇرۇش پىكرى» نى ئوتتۇرىغا قويدى. «ئورۇنلاشتۇرۇش» جەمئىي 8 قىسىمغا بۆلۈندى: بىرىنچىسى، بۇ قېتىم مەركەز چاقىرغان مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىنىڭ ۋە گوۋۇيۇەن چاقىرغان 3 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىنىڭ روھىنى ھەرقايسى ئورۇنلار ئۆز تارماقلىرىنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ قىبلەنامىسىغا ئايلاندۇرۇش، پۈتۈن ئوبلاست مىقياسىدا ئەستايىدىل ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش دولقۇنى قوزغاش، بۇ ئارقىلىق يىغىن روھىنى ھەممە ئائىلە ھەممە ئادەم بىلىدىغان بولۇش؛ ئىككىنچىسى، جىددىي تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق 2000 - يىلى 5 - ئايدا ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم چاقىرماقچى بولغان مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى ۋە ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى بويىچە «قوش نەمۇنە» چىلارنى تەقدىرلەش يىغىنى چاقىرىش؛ ئۈچىنچىسى، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، ئوبلاستلىق پارتكومغا، ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە مەسلىھەت بېرىپ، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە، ئوبلاست تەۋەلىكىدىكى مول بايلىقنى مۇۋاپىق ئېچىش ۋە پايدىلىنىش ھەققىدە يەرلىك ئەۋزەللىكتىن تولۇق پايدىلىنىشقا ئائىت ئىلمىي دەلىللەش ئېلىپ بېرىش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا زور تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرى ھەققىدە پائال ئىلتىماس سۇنۇش، بۇنىڭ بىلەن ئىقتىسادىي يۈكسىلىشنىڭ يېڭى ئۆسۈش نۇقتىسىنى تېپىپ چىقىش؛ تۆتىنچىسى، پۈتۈن ئوبلاست مىقياسىدا، 1998 - يىلدىن 1999 - يىلغىچە ئېرىشكەن «ئاز سانلىق مىللەتلەر تەرەققىيات مەبلىغى» تۈرلىرىگە سېلىنغان مەبلەغنىڭ ئەمەلىيلىشىشى، ئىشلىتىلىش ۋە ئو-

نىڭ ئۈنۈم ئەھۋالى توغرىسىدا ھەيدەكچىلىك تۇسىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 2000 - يىلغا يوللىغان تۈرلەر ئۈستىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، دەلىللەش ئىشىنى ياخشى ئىشلەش، ھەرقايسى جايلار (شەھەر) لەرنىڭ پەن - مائارىپ ئارقىلىق ئوبلاستنى گۈللەندۈرۈش ئىستىراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش، ئىزچىل، ئۇدا تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىستىراتېگىيىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ئەمەللىيلەشتۈرۈش ئەھۋالى توغرىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش؛ ئەسلى ئاساستا پۈتۈن ئوبلاستتىكى 17 مىللىي يېزىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى ھەققىدە داۋاملىق تەكشۈرۈپ - تەتقىق ئېلىپ بېرىش؛ «ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى 17 مىللىي يېزىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» ناملىق كىتابنى رەتلەپ تەھرىرلەپ نەشر قىلىش؛ بەشىنچىسى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە، 2000 - يىللىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 18 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە ئېيى پائالىيىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، بىر قولدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولدا دۈشمەنگە قارشى كۈرەشنى تۇتۇپ. مۇھىم نۇقتىنى نامراتلارغا يار يۆلەك بولۇش ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش، ئاي ئارقىلىق پۈتۈن يىلغا تۈرتكە بولۇش؛ ئالتىنچى، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئومۇمىي كاتالوگىنى تۈزۈش» ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كاتالوگ تۈزۈش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىش پىلان ۋەزىپىسىنى پائال ئورۇنداپ تاماملاش؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ كاتالوگىنى تۈزۈش پىلان ۋەزىپىسىنى تاماملاپ، ئېلىپ چىقىش؛ يەتتىنچىسى، كومىتېت ئورگىنىنىڭ ئۆز ئىچكى قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇپ، كادىرلار قوشۇنى ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش؛ سەككىزىنچىسى، «3 - بەش يىللىق» قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇپ، مىللىي سىياسەتلەرنى، قانۇن - پەرمانلارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئوبدان ئۆگىنىش ۋە ئۇنى تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، بۇنىڭ بىلەن مەمۇرىي خىزمەتلەرنى قانۇن ئارقىلىق يۈرگۈزۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت.

تەرجىمە قىلغۇچى:
مەخمۇت ئىنايەت
مەسئۇل مۇھەررىر:
ئەركىن ئىمىنىياز

بېكرى مۇھەممەد مۇسا

# دەۋەلى ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت ئۈستىگە تىكلەپ ئۆزىدە يۈز بەرگەن دىن جەھەتتىكى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلايلى

نۆۋەتتە يۈز بېرىۋاتقان دىن جەھەتتىكى زىددىيەتلەر، ئاساسلىقى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەردۇر. شۇڭلاشقىمۇ دىن جەھەتتىكى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك، چۈنكى ئۇ دىن جەھەتتە يۈز بېرىۋاتقان زىددىيەتلەر يەنىلا خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتكە ياتىدۇ، شۇنداقلا ئۇ، دىن خىزمىتىنىڭ ئاساسىي تېمىسىغا ئايلىنىپ كېتىۋاتىدۇ. دىن زىددىيىتى شەكىل جەھەتتە نىسپىي ھالدا ئاسان كەسكىنلىشىدۇ (ئانتېگونىسىز زىددىيەتتىن ئانتېگونىيلىك زىددىيەتكە قاراپ كەسكىنلىشىدۇ) خاراكتېر جەھەتتە نىسپىي ھالدا ئاسان ئۆزگىرىدۇ (ھەق - ناھەق مەسىلىلىرىدىن دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ). كەسكىنلىشىش بىلەن ئايلىنىپ كېتىشكە ئىككى خىل شەرت بولىدۇ: بىرىگە، دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ئوتقۇيرۇقلۇقى سەۋەبچى بولسا، يەنە بىرىگە، بىزنىڭ خىزمەت سەۋەنلىكىمىز سەۋەبچى بولىدۇ. زىددىيەت داۋاملىشىپ، بىر قەدەر كۆلەملەشكەن، تىزگىنلەش تەسكە توختايدىغان دەرىجىگە بېرىپ، ئاممىۋى خاراكتېرنى ئالغان ئانتېگونىسىيلىك شەكىل بىلەن مەيدانغا چىققاندا، سىيلاپ-سىپاپلا زىددىيەتنىڭ سەۋەبىنى «ئاز ساندىكى بۇزۇق» لارنىڭ پايدىلىنىپ كېتىشىدىن كېلىپ چىققان دېيىش، ئېھتىمال «ئۆزەم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا» دىن ئۆزىمىزنى قاچۇرالماسلىقىمىز مۇمكىن. بۇنىڭدا مۇنداق بىر سوئال قويۇپ بېقىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ - قانداق! يەنى، نېمە ئۈچۈن دەل شۇ ۋاقىت، شۇ جايدا شۇنچە «ئاز ساندىكى» لەر شۇنچە «كۆپ ساندىكى» لەرنى ئۇيان - بۇيان قىلالىدى؟ بىز بولساق «مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاممىنىڭ مەنپەئەتى» نى كۆزلەيدىغان تۇرساق، يەنە نېمە ئۈچۈن دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە مۇشۇ ۋاقىت، مۇشۇ جايدا مۇتلەق كۆپ ساندىكىلەردىن ئايرىلىپ قالىمىز؟ بۇزۇقلارنى دەل ۋاقتىدا جازالاش ئىنتايىن زۆرۈر، ئەمما، ئاممىنىڭ دەماللىققا ئويغۇنۇپ كېتەلمەسلىكىنى بىر سەۋەبىمۇ دەپ تۇرايلى. ۋەھالەنكى، بۇزۇقلارنىڭ رولىنى مۇبالىغە قىلىپ، ئاممىنىڭ قالاقلىقى ئارقىلىق ئۆز سەۋەنلىكىمىزنى ياپىمىز دېسەك، زىددىيەتنىڭ خاراكتېرىنى ئاسانلا ئارلاشتۇرۇۋەتكەن بولمامدۇق؟ بۇ زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىشىشىگە ۋە ئايلىنىپ كېتىشىگە «ئوت ئۈستىگە ياغ تۆكۈش» كە ئۆزگىرىپ، زىددىيەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشىمىزغا كاشىلا پەيدا قىلمامدۇ؟ ھەتتا زەربە بېرىش دائىرىسىنى كېڭەيتىۋەتمەسمۇ! داۋاملىق تېخىمۇ زور سەۋەنلىك سادىر بولۇشقا سەۋەبچى بولماسمۇ؟ ئۇنداقتا پەيتى ئۆتۈپ كەتكەندە سەۋەنلىكنى سېزىپ

ئوبدان دەڭسەپ كۆرگەندە نامىنى ئەس-
لىگە كەلتۈرۈشكە توغرا كەلمەمدۇ! بۇ
خىلدىكى تەجرىبە ساۋاقلاردىن جەزمەن
ئىبرەت ئېلىشىمىز لازىم.

دىن جەھەتتىكى خەلق ئىچىدىكى
زىددىيەتنىڭ تۆۋەندىكى 5 تەرەپلىك ئا-
لاھىدىلىكى بار. بىرىنچىسى، يىغىندا.
دىن جەھەتتىكى خەلق ئىچىدىكى زىددى-
يەتلەر، كۆپىنچە ئەھۋالدا تۇرلۇك كەي-
پىياتنىڭ، ئومۇمىي پىكىرلەرنىڭ يى-
غىندىسى، ھەرخىل ئۇششاق سۇركۇ-
لۇش، كىچىك ماجىرالارنىڭ يىغىندى-
سى بولۇپ، بۇنىڭ مىقدارى كۆپ، دا-
ئىرىسى كەڭ بولىدۇ. مىقدارىنىڭ يى-
غىندىسى مەلۇم دەرىجىگە يەتكەندە، خا-
راكتېر تۇسى ئېلىپ تۇيۇقسىز ئۆز-
گىرىش ھاسىل قىلىدۇ. ئىككىن-
چىسى، تۇيۇقسىز. تاسادىپىي كىچىك
ئىش يۇلتۇزدەك نۇقتىلاردا چاقناپ، يا-
كى ئۆزئارا يول قويۇشماسلىق تۇپەيلى-
دىن دەرھال بالداققا كۆتۈرۈلىدۇ، ياكى
بېئوگراتلىق قىلىش تۇپەيلى بىر تەرەپ
قىلىش مۇۋاپىق بولماسلىقى سەۋەبىدىن
كەسكىنلىشىپ كېتىدۇ، ۋە ياكى ئوخ-
شىماسلىقى تۇپەيلىدىن يۇقىرىغا يول-
لاشقا تېگىشلىكلىرىنى يۇقىرىغا يوللى-
ماي، كېسىم قىلىشقا تېگىشلىكلىرىگە
كېسىم قىلمىغانلىقتىن پۇرسەت قول-
دىن كېتىپ قېلىپ، ئەسلىدىكى كى-
چىك بىر ئىش ئىنتايىن تىزلىكتە چوڭ
ئىشقا ئايلىنىپ كېتىدۇ، يەنە بۇ چوڭ
مالىمانچىلىققا ئايلىنىپ كېتىدۇ. گەر-
چە ۋەقەنىڭ باشلىنىشى تاسادىپىي بول-
سىمۇ، ئۇنىڭ غەۋغاسى مۇقەررەرلىككە
ئايلىنىپ كېتىدۇ. مۇقەررەلىك ھامان
تاسادىپىيلىقنى ئۆزىنىڭ يول ئېچىش
ۋاستىسى قىلغان بولىدۇ. ئۈچىن-
چىسى، كېڭىيىش. دىنىي ئېتىقاد مەلۇم
دائىرىدە ئالاھىدە ئۇيۇشچانلىققا، چاقى-
رىق كۈچىگە ئىگە، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ
ئالاھىدە غىدىق سېزىمىغا ئىگە بولۇپ،
تارقىلىشى ئىنتايىن تېز بولىدۇ. مۇبا-
دا ئىش يۈز بېرىپلا قالسا، دىنىي ئېتى-
قادچىلارنىڭ ئۆز - ئۆزىنى قوغداش
پسىخولوگىيىسى ئىنتايىن تېزلىكتە نا-
مايەن بولۇپ بىراقلا يامراپ، بىر خىل
تىركىشىش كەيپىياتىنى ۋە قارىغۇلارچە
قان قىزىقلىقىنى قوزغايدۇ. بۈگۈنكى
ئۇچۇر جەمئىيىتىدە ئاممىۋىي خەۋەرلى-
شىش ۋاستىسى بۇنداق كېڭىيىشنىڭ
سۈرئىتىنى تېزلىتىشكە تېخىمۇ قولاي-
لىق ئېلىپ كېلىدۇ. تۆتىنچىسى،
غەيرىيلىككە ئۆزگىرىش. بۇنىڭدا، يا-
كى زىددىيەت خاراكتېرىنىڭ ئۆزگىرى-
شى، بەزى ھەق - ناھەق مەسىلىلىرى
ئانتاگونىيىلىك ئۆز بىلەن دۇشمەن ئوت-
تۇرىسىدىكى مەسىلىگە ئايلىنىپ كې-
تىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ۋە ياكى
زىددىيەت كەسكىنلەشكەنلىكتىن ئانتا-
گونىيىسىنى خاراكتېر ئانتاگونىيىلىك
خاراكتېرىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. بە-
شىنچىسى، دۇغلىنىپ قېلىش. ئىش
چوڭايغاندا، سۆز بىلەن قايىل قىلىش
تەربىيە ۋاستىسى ئانچە ئاقماي قالى-
دۇ، بۇ چاغدا ئامالسىزلىق بىلەن مە-
مۇرىي ۋاستە قوللىنىپ ئۇنى ھەل قى-
لىمىز، نەتىجىدە يۈزەكى زىددىيەت بىر
تەرەپ قىلىنىدۇ، ئىشلار پەسىيىدۇ؛
بىراق، ئەمەلىيەتتە تېخىمۇ چوڭقۇر
قاتلاملىق دىنىي پسىخولوگىيە كىشىلەر
قەلبىگە تىنىپ قالىدۇ، يوشۇرۇن ئى-
دېيولوگىيىلىك ئارازلىق يوشۇرۇنۇش
ھالىتىگە ئۆتىدۇ. پارتلاشقا ياكى باشقا
شەكىلدە پارتلاش تەييارلىقىنى

تـۈيدۇرمـاي ئىشلەشـكە شـارائىـت
هـازىـرلاپ بېرىدۇ.

روشەنكى، مۇبادا بىز يىغىندا.
تۈيۈقسىز پارتلاش، كېڭىيىش، غەيرى-
لىككە ئۆزگىرىش، دۇغلىنىپ قې-
لىش، يىغىلىش ... قا ئوخشاش، دەۋر
جەريانىغا پېتىپ قالساق، مەسىلىنى
بىخ هالىتىدىلا هەل قىلىۋېتىشىمىز،
ئاساسىي قاتلامدىلا هەل قىلىۋېتىشى-
مىز، ئىچكى قىسىـمدىلا هەل قىلى-
ۋېتىـشـىمىز ئىنتـايىـن تەسـكە
توختايدۇ.

دىن جەھەتتىكى خەلق ئىچىدىكى
زىددىيەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشتا،
تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىنى جەزمەن
ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.

1. ئىستىراتېگىيىلىك ئومۇمىي
ۋەزىيەت نۇقتىسىدا تۇرۇپ مەسىلىلەر-
نى ئويلاشقا، بىر تەرەپ قىلىشقا ماھىر
بولۇش لازىم. باشتىن ـ ئاخىر سەگەك-
لىك، سوغۇققانلىق بىلەن دۆلىتىمىز-
نىڭ هازىرقى باسقۇچىدىكى ئاساسىي
زىددىيەتنى پۇختا ئىگىلەش كېرەك. بۇ
دىن جەھەتتىكى خەلق ئىچىدىكى زىددى-
يەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئال-
دىنقى شەرتى. بىزمۇ باشتىن ـ ئاخىر
ئىتتىپاقلىششقا مەۋقە تىكلەپ، مۇت-
لەق كۆپ ساندىكى ئاممىنى قولغا كەل-
تۈرۈشىمىز، جۈملىدىن ئىنتايىن ئاز
ساندىكى دۈشمەنلەرنى يېتىم قالدۇرۇ-
شىمىز ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىشىمىز
لازىم. بۇنىڭدا بۇيرۇقۋازلىق قىلىش-
تەك ناتوغرا ئۇسۇللارنى قوللىنىپ
خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى بىر تە-
رەپ قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك؛ بو-
لۇپمۇ ئۆز بىلەن دۈشمەن ئوتتۇرىسىدى-
كى زىددىيەتنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇ-
سۇلى بويىچە خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت-
لەرنى بىر تەرەپ قىلىشتىن قەتئىي
ساقلىنىش لازىم.

2. بىئوگراتلىقنى ھەقىقىي تۇگە-
تىپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كا-
دىرلارنىڭ سىياسەت سەۋىيىسىنى ۋە
مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتى-
دارىنى ئۆستۈرۈش لازىم. بۇ دىن جە-
ھەتتىكى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى
توغرا بىر تەرەپ قىلىشنىڭ هالقىسى.
دىن جەھەتتىكى خەلق ئىچىدىكى زىددى-
يەتلەرنى كۆپىنچە ئەھۋالدا، خەلق ئام-
مىسى بىلەن رەھبەرلىك ئوتتۇرىسىدى-
كى زىددىيەت شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ؛
ئۇنىڭدىكى بەزى زىددىيەتلەر گەرچە بى-
ۋاستە هالدا رەھبەرلىك بىلەن ئامما
ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بولۇپ ئىپادى-
لەنمىسىمۇ ئەمما بىر تەرەپ قىلىشتا،
ھەل قىلىشتا، رەھبەرلىك قىلغۇچىلار
يەنىلا زىددىيەتنىڭ ئاساسىي تەرىپى بو-
لىدۇ.

رەھبىرىي كادىرلارنىڭ زىددىيەت-
لەرنى ھەل قىلىشقا ماھىر بولۇش ـ
بولماسلىقى، زىددىيەتلەرنى پەسەيتىشكە
ماھىر، ماھىر ئەمەسلىكى، يەنىلا ئۇلا-
رنىڭ بىرلىكسەپتىن پايدىلىنىپ بۇ جە-
ھەتتىكى خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە ماھىر
بولۇش ـ بولماسلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.
مەلۇم دىندا، هامان ئۆزلىرىنىڭ ۋە-
كىل خاراكتېرلىك شەخسلىرى بولى-
دۇ. ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئالاقى-
لىشىدىغان ئامما ئىچىدە هامان رەھبى-
رىي كادىرلار ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئالال-
مايدىغان رولى بولىدۇ. ئوخشاشلا گەپ
ـ سۆزلەرنى، ئۇلار ئۆزلىرى ئالاقىلى-
شىدىغان ئاممىسىغا سۆزلىسە، بەزىدە
رەھبىرىي كادىرلارنىڭ گېپىدىنمۇ

ئاسان قوبۇل قىلىنىشچانلىقى بار. ئوخشاشلا خىزمەتچى، ئۇلار ئۆزلىرى ئالاقىلىشىدىغان ئامما ئارىسىغا بېرىپ تەشكىلاتچىلىق قىلىپ، خىزمەت قانات يايدۇرسا، بەزىدە رەھبىرىي كادىرلارنىڭكىدىنمۇ ياخشى، روشەن ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيدۇ.

3. كۆرەشمۇ بولغان، ئىتتىپاقمۇ بولغان، تەربىيىمۇ بولغان فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش لازىم. دىنىي ساھەدىكى زاتلار ھامان تەشكىلاتچىلىق قىلىش ۋە رىياسەتچىلىك قىلىش ئارقىلىق دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، مەنىۋى جەھەتتە دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئامما بىلەن ئىنتايىن قويۇق ئالاقىسى بار. ئۇلارنى قولغا كەلتۈرۈش، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بەزى ئاز سانلىق مىللەت دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملارنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى كەڭ ئامما بىلەن بولغان ئالاقىسى، ئىتتىپاقى، ياخشى بولسا، ئۇلارنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە تېخىمۇ مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا، بارلىق دىنىي ساھەدىكى زاتلارغا، بولۇپمۇ ھەرقايسى دىنلاردىكى دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملارغا يېتەرلىك ئېتىۋار بېرىش، ئۇلار بىلەن بولغان ئىتتىپاقنى ياخشىلاش، ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇلارنىڭ ئالغا بېسىشىغا ياردەم قىلىش لازىم. شۇنداقلا، قەتئىي بوشاشماي ۋە سەۋرچانلىق بىلەن ئۇلارغا ۋەتەننى سۆيۈش، قانۇنغا رىئايە قىلىش، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ھىمايە قىلىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى توغرىسىدا ئىنچىكە تەربىيە ئېلىپ بېرىشقا ماھىر بولۇش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ بىر تۈركۈم ۋەتەنپەرۋەر ياش دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە دىققەت قىلىش، مەدەت بېرىش، ياردەم قىلىش لازىم. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، دىنىي ساھەدىكى زاتلارغا قوللانغان ئىتتىپاقلىشىش، قولغا كەلتۈرۈش، تەربىيىلەش فاڭجېنىمىز توغرا ھەمدە ئۇ ئىنتايىن زور نەتىجىگە ئېرىشتى.

4. دىن ساھەسىدىكى زاتلار بىلەن دوست بولۇشقا ماھىر بولۇش لازىم. ئەمەلىي خىزمەتلەر داۋامىدا بىرلىكسەپ خىزمىتىنىڭ خىزمەت ئىستىلى ۋە خىزمەت ئۇسۇلىنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىش كېرەك، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ۋە دىنىي ۋەزىپىدىكى زاتلارنىڭ پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى دائىم ئاڭلاپ تۇرۇشى، دىنىي ساھەدىكى زاتلارغا تەڭ باراۋەر مۇئامىلە قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ھەمكارلىشىپ ئىشلارنى بىرلىكتە قىلىش، ئادەتتە كۆپرەك پىكىر ئالماشۇرۇپ تۇرۇش، ئىشقا يولۇققاندا كۆپرەك مەسلىھەتلىشىش، بولۇپمۇ چوڭ-چوڭ تەدبىرلىك مەسىلىلەرنى بېكىتكەندە، ئۇلارنىڭ ئوخشىمىغان پىكىرلىرىنى تولۇق ئاڭلاش، ئەستايىدىل تەھلىل يۈرگۈزۈش، توغرا بولغانلىرىنى سەمىمىيلىك بىلەن قوبۇل قىلىش، نامۇۋاپىقلىرىغا قارىتا كۆپرەك چۈشەنچە بېرىش ۋە ئىزاھلاش، گەپ - سۆز بىلەن كىشىنى قايىل قىلىشنى

قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. ئۆزىنى باشقۇرغۇچىغۇ دەپ قاراپ، ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن قويۇش، بۇيرۇقۋازلىق قىلىپ قاپاق تۈرۈش، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ساھەدىكى زاتلار بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىش مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان قىلمىش بولۇپ، بۇنى جەزمەن ئەستايىدىل تۈزىتىش زۆرۈر.

5. ھەر دەرىجىلىك كادىرلار پارتىيىنىڭ دىن سىياسەتلىرىنى نەمۇنىلىك ھالدا ئىزچىل ئىجرا قىلىشى لازىم.

پارتىيە ئەزالىرى دىنغا ئېتىقاد قىلسا بولمايدۇ. دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ئەمما، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياستى كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ دىنغا تۇتقان ئۇزۇن مۇددەتلىك بىر تۈرلۈك ئاساسىي سىياسىتىدۇر. ھەمدە ئەمەلىيەت سىنىغىدىن ئۆتكەن پۈتۈن مەملەكەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بىردىنبىر توغرا دىن سىياسىتىدۇر. شۇڭا، بىر كومپارتىيە ئەزاسى بولغۇچى بۇنى قەتئىي، ئاڭلىق، نەمۇنىلىك بىلەن ئىزچىل ئىجرا قىلىشى لازىم. دىن خىزمىتى پارتىيىنىڭ بىرلىكسەپ خىزمىتىنىڭ ۋە ئاممىۋى خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شۇڭا ئۇنى پۈتۈن پارتىيە تەڭ ئىشلىشى، بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلامدىكى كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرى دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى كەڭ ئاممىغا توغرا مۇئامىلە قىلىشى كېرەكلىكى، ئۇلار دىنغا ئېتىقاد قىلغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇلاردىن ئۆزىنى قاچۇرماسلىقى، زېرىكىش ھېس قىلىپ ئۇلارنى تاشلىۋەتمەسلىكى كېرەك. جۈملىدىن بايرىقى روشەن ھالدا پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياستىنى تەشۋىق قىلىپ، ئۇلار بىلەن بولغان ئالاقىنى قويۇقلاشتۇرۇش، ئۇلارنىڭ ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلىشى، ئۇلارنىڭ سىرداش دوستى بولۇشى، ئۇلارغا كۆيۈنۈشى، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ۋە تۇرمۇشىنى ئىگىلەپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئىشلىرىدا ۋە تۇرمۇشىدا يولۇققان قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىش لازىم. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئۆزىمىزنى بېغىشلاشنى ئىشقا ئاشۇرالايمىز. يىراق كەلگۈسى ئۇلۇغۋار نىشانغا يېتىش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلالايمىز.

6. خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاش، فۇنكسىيىنى ئۆزگەرتىش. دىن خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاشقا قويۇلغان مۇناسىپ تەلەپ، بىرلىكسەپ خىزمەت ئىستىلىنى تەشەببۇس قىلىش، تەكشۈرۈپ تەشۋىق قىلىش ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئىستىلىنى ئەۋج ئالدۇرۇش ۋە ئىتتىپاقلىقنى تەكىتلەپ، ئومۇمىيلىققا ئېتىۋار بېرىش ئىستىلى تۇرغۇزۇش لازىم. بىرلىكسەپ خىزمىتىنىڭ ئىستىلى دېگىنىمىزدە، دىن خىزمىتى ئىشلەيدىغان كادىرلىرىمىزنىڭ بىرلىكسەپ خىزمىتىنىڭ ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىپ، ئۇ ئارقىلىق دىنىي خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلىش دېمەكتۇر. دىنىي ساھەدىكى زاتلارغا ھۆرمەت قىلىش، ئىشىنىش، «بىر - بىرىدىن سىر ساقلىماي، شان - شە-

رەپ، ئار نومۇسنى تەرك كۆرۈش» رو-
ھى بويىچە، دىنىي ساھەدىكى زاتلار بى-
لەن سىرداش دوست بولۇش دېمەكتۇر.
ئۇلارنىڭ پىكرى ۋە تەكلىپلىرىنى ئاڭ-
لاشقا ماھىر بولۇپ، ئىشلارنى كېڭى-
شىپ بېجىرىش، سىياسىي جەھەتتىكى
ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىشىشنى كۈ-
چەيتىش دېمەكتۇر، تەكشۈرۈپ تەتقىق
قىلىش دېگىنىمىز، دائىم ئەمەلىيەتكە
چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاساسىي قاتلامغا
چوڭقۇر چۆكۈپ، ئامما بىلەن زىچ ئالا-
قە باغلاپ، يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قى-
لىش ۋە يېڭى مەسىلىلەرنى تەتقىق قى-
لىش، دىن جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ۋە
ئەھۋاللارنى ئۆز ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىپ
تۇرۇش دېمەكتۇر. دىن مەسىلىلىرى
ئىنايىن زىل بولۇپ، ھەرقانداق ۋاقىتتا
بىپەرۋالىق، بىئوگراتلىق، خىزمەتلەر-
گە زۆرۈر بولمىغان زىيانلارنى ئېلىپ
كېلىدۇ. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىز-
دەش دېگىنىمىز، ھەممىدە ئەمەلى-
يەتنى چىقىش قىلىش، دىن خىز-
مىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن
دىن مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش
دېگەنلىك. ۋەھالەنكى، ئۇ بىئوگراتلىق
قىلىش، سۇبىيېكتىپ ئارزۇ ئارقىلىق
ئىش قىلىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. بىر
تەرەپلىمىلىك ئىستىلىنى سادىر قىلىش-
تىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئىتتىپاقلىقنى
تەكىتلەپ، ئومۇمىيلىق ئىستىلىغا دىق-
قەت قىلىش دېگىنىمىز، دىن خىزمىتى
بىلەن شۇغۇللانغۇچى كادىرلارنىڭ مەۋ-
قەنى ئۆز خىزمىتى ئۈستىگە تىكلەپ،
قەلبىدە پۈتكۈل ئومۇمىي ۋەزىيەتنى
كۆزلەپ، پارتىيىنىڭ ۋە دۆلەتنىڭ
ئەڭ ئالىي مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا
بىلىش، دىن مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ
قىلىشتا پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمى-
تىگە بويسۇندۇرۇش ئۇنىڭغا خىزمەت
قىلدۇرۇش دېمەكتۇر.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: ش
ئۇ ئا ر سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى)

تەرجىمە قىلغۇچى:
مەخمۇت ئىنايەت
مەسئۇل مۇھەررىر:
ئەركىن ئىمىنىياز

---

(بېشى 101 ـ بەتتە)

مىللەتلەر سەنئىتى تەرەققىيات مەركى-
زىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل
مۇدىرى لى سوڭ قاتارلىق يولداشلار
ئايرىم ـ ئايرىم سۆز قىلدى.
12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ئاپتونوم
رايونلۇق مائارىپ خىزمەتيىغىنىدا،
ئابلەت ئابدۇرىشىت ئاز سانلىق مىل-
لەتلەرنىڭ مائارىپ ساپاسىنى تىرىشىپ
ئۆستۈرۈش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

مۇنەۋۋەر ئابدۇللا تەرجىمىسى
مەسئۇل مۇھەررىر:
ئەركىن ئىمىنىياز

ۋېي جاۋلىن

# دىنىي سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا مۇلاھىزە

پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىش، دىنىي سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلەشتە، كىشلەردە بەزى مۇجمەل ھەتتا خاتا تونۇش ۋە ھەرىكەتلەر يەنىلا ساقلانماقتا. كىشىلەرنىڭ بۇ مەسىلىلەرگە بولغان خاتا تونۇشىنى ۋاقتىدا ئايدىڭلاشتۇرۇش پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشتا شەك - شۈبھىسىزكى ئىنتايىن پايدىلىق ۋە زۆرۈر.

## I دىنىي سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى

1. دىن دېگەن نېمە؟

ماركسىزم مۇنداق قارايدۇ، دىن ئىنسانىيەت تارىخى تەرەققىي قىلىپ مەلۇم باسقۇچقا يەتكەندە پەيدا بولغان بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە، ئۇ سەنئەت، ئەخلاق، سىياسىي ئىدىيە، قانۇنىي ئاڭغا ئوخشاش كىشىلەر تەپەككۇرىنىڭ تاشقى دۇنياغا بولغان ئىنكاسى، ئۇ بىر خىل ئىجتىمائىي ئاڭ فورماتسىيىسىدىن ئىبارەت.

ھەرخىل ھەرتۈرلۈك دىنلارنىڭ مەزمۇنى گەرچە ئوخشاش بولمىسىمۇ، چوقۇنىدىغان ئوبراز ئۆزگىچە بولىدۇ، لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىككى جەھەتتىكى ئاساسىي مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچىسى، ئېتىقاد بىلەن چوقۇنۇش، ئۇ ئەزەلدىن مەۋجۇت بولۇپ باقمىغان تەبىئەتتىن ۋە جەمئىيەتتىن تاشقىرى بىر خىل ياكى كۆپ خىل سېھرىي كۈچ — ئىلاھىدۇر، جۈملىدىن، خرىستىيان دىنىنىڭ تەڭرىسى، ئىسلام دىنىنىڭ ئاللاسى، بۇددا دىنىنىڭ ساكيامونىسى، تەرىقەتچىلىك دىنى (تويىن دىنى) نىڭ تەڭرىقۇتى قاتارلىقلار. بۇ دىندىكىلەر ئالەمنىڭ ئىگىسى ئىلاھ، ئىلاھ بولسا چەكسىز كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە بولۇپ، تەبىئەت ۋە ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئىدارە قىلىدۇ دەپ قارايدۇ. ئىككىنچىسى، روھنىڭ يوقالمايدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلار، ئۇلار، كىشلەرنىڭ تۇرمۇشىدا ھازىرقى دۇنيادىن تاشقىرى يەنە بىر خىل خىيالىي دۇنيا مەۋجۇت، ھازىرقى دۇنيادا جەننەت بىلەن دوزاق، خوشاللىق بىلەن قايغۇ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ. دېمەك دىن، ئۇ بىرخىل ئىجتىمائىي ئاڭ فورماتسىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن، كىشىلەرنىڭ تەبىئەتكە ۋە ئىنسانلار جەمئىيىتىگە بولغان بىرخىل بۇرمىلانغان، ۋە ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن خىيالىي ئىنكاسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

2. دىنىنىڭ جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشى جەمئىيەت تەرەققىيات قانۇنىيىتىنىڭ ئىپادىسى

جەمئىيەت ـ ئىنسانلار تۇرمۇشى-
نىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى، تۇرلۇك ئىجـ
تىمائىي ھادىسىلەرنى بىر ـ بىرى بىـ
لەن ئورگانىك باغلاپ تۇرىدىغان بىر
پۈتۈن گەۋدە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىـ
رىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان مەلۇم ئىقتىـ
سادىي بازىس بىلەن ئۈستقۇرۇلما تىكـ
لەشتىكى بىرلىك. گەرچە دىن كىشىـ
لىك دۇنيادىن ھالقىغان كۈچنىڭ مۇ-
قەددەس شەكلىنى قوبۇل قىلىپ، ماد-
دىي ئىقتىسادىي ئاساستىن يىراقلاپ
كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن تېگى ـ تەكـ
تىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىقتىسادىي
ئاساس بەلگىلىگەن بۇ ئوبيېكتىپ قانۇ-
نىيەتكە مۇقەررەر بويسۇنۇشى، مەلۇم
جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈمىگە تا-
يىنىشى ۋە ئۇيغۇنلىشىشى، ھەمدە ئىقـ
تىسادىي ئاساس ئۈچۈن خىزمەت قىلىـ
شى كېرەك. مۇشۇنى ئالدىنقى شەرت
قىلغاندىلا، دىنىنىڭ ئىقتىسادىي بازىس
بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى، سىياسەت
ئۈستىقۇرۇلما بىلەن بولغان مۇناسىۋە-
تىنى ۋە باشقا ئىجتىمائىي ئاڭ فورماتـ
سىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى يەنىـ
مۇ ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، دىنىنىڭ
ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى تېـ
پىپ، جەمئىيەتتىكى تېگىشلىك رولىـ
نى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ مەۋ-
جۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلىـ
شى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت ھازىرلىـ
يالايدۇ. ئالايلۇق، بۇددا دىنى جۇڭگوغا
كىرگەندىن كېيىن، جۇڭگونىڭ ئەنئەـ
نىۋى دىنى ۋە كۈچلۈك كۈڭزىچىلار مەـ
دىنىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا تىرىشىپ،
جۇڭگوچە بۇددا دىنىغا ئايلاندى؛ ئىسلام
دىنى ئېلىمىزغا كىرگەندىن كېيىن،
ئېلىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇنلىشىپ
كۆپلىگەن مەزھەپلەر مەيدانغا كەلدى،
ھەمدە غەربىي ـ شىمال رايونلىرىدا مەر-
تىۋە تۈزۈمى شەكىللەندى؛ جۇڭگودىكى
بەزى ئىسلام ئۆلىمالىرى كۇڭزىچىلار-
نىڭ بىر قىسىم ئىدىيىلىرىنى ئىسلام
ئەقىدىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ،
ھەمدە ئۇنى ئىسلام ئەقىدىلىرى ئۈچۈن
خىزمەت قىلدۇرۇپ، تەدرىجىي ھالدا
جۇڭگوچە ئىسلام دىنىغا ئايلاندۇردى.

3. دىن چوقۇم سوتسىيالىزم
جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشى كېرەك.

دىن، ئۇ بىر خىل ئالاھىدە ئاڭ
فورماتسىيىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن
ئۇنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش
ۋە يوقۇلۇش جەريانى بولىدۇ. سوتسىيا-
لىزم جەمئىيىتىدە دىنىنىڭ ئۇزاق مۇد-
دەتلىكلىكى، مىللىيلىقى، ئاممىۋىلىـ
قى ۋە خەلقارالىقلىقى دىن مەسىلىسىدە
بىزگە خۇددى لېنىن كۆرسەتكەندەك
چوقۇم «ئالاھىدە ئېھتىياتچان بولۇش،
ئىنتايىن جىددىي قاراش، ۋە ئەتراپلىق
ئويلاش» پوزىتسىيىسى قوللىنىشىمىز-
نىڭ لازىملىقىنى ئۇقتۇردى. چۈنكى
دىن قۇللۇق جەمئىيەت، فېئوداللىق
جەمئىيەت ۋە كاپىتالىزم جەمئىيىتى
ئارقىلىق تەرەققىي قىلغان. سوتسىيا-
لىزم جەمئىيىتىدە گەرچە دىنىنىڭ مەۋ-
جۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى سىنىپىي ئا-
ساس ئاساسىي جەھەتتىن يوقالغان بول-
سىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئاسا-
سى ۋە تونۇش ئاساسى يەنىلا مەۋجۇت
بولۇپ تۇرىدۇ. پەقەت سوتسىيالىزم ۋە
كوممۇنىزمنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تە-
رەققىي قىلىشى ئارقىلىقلا، بارلىق
ئوبيېكتىپ شەرت ـ شارائىت ھازىرلاذ-
غان چاغدىلا، دىن ئاندىن ئۆزلىكىدىن
يوقىلىدۇ. ماركس مۇنداق دەيدۇ:

«كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشىدىكى
كۈندىلىك مۇناسىۋىتى، ھەم بۇ مۇناسى-
ۋەتتە ئادەملەر بىلەن ئادەملەر، ئادەملەر
بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدا چۈشۈنىش-
لىك ۋە مۇۋاپىق مۇناسىۋەت بولغان
چاغدىلا، دىنىي دۇنيانىڭ ئىنكاسى ئاژ-
دىن يوقىلىدۇ» («ماركس، ئېنگېلس
تاللانما ئەسەرلىرى» (خەنزۇچە) 23 -
توم، 96 - بەت)، شۇنىڭ ئۈچۈن، ھې-
لىقىدەك سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ
ئورنىتىلىشى ۋە ئىقتىسادىي مەدەنىيەت-
نىڭ مەلۇم دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشى-
غا ئەگىشىپ دىن ئىنتايىن تېزلا يوقى-
لىپ كېتىدۇ، دەيدىغان قاراش رېئال
قاراش ئەمەس. ھېلىقىدەك مەمۇرىي
بۇيرۇققا تايىنىپ ياكى باشقا زورلاش
ۋاسىتىسى قوللىنىپ دىننى بىراقلا يو-
قىتىۋەتكىلى بولىدۇ، دەيدىغان قاراش
ۋە ئۇسۇل ماركسىزمنىڭ دىن توغرى-
سىدىكى ئاساسىي نۇقتىنەزەرىگە تۈپ-
تىن خىلاپلىق قىلغان بولۇپ، بۇ پۈتۈن-
لەي خاتا ۋە ئىنتايىن زىيانلىق. دۆلى-
تىمىزدە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئور-
نىتىلىشىغا ئەگىشىپ دىن ئېكسپىلا-
تاتسىيە سىنىپىنىڭ خەلق ئاممىسىنى
ھوشسىزلاندۇرىدىغان ۋە كونترول قى-
لىدىغان مۇھىم روھى جەھەتتىكى ۋا-
سىتىلىق رولىنى ئاساسەن يوقىتىپ،
دىنىي مەسىلە جەھەتتىكى زىددىيەت ئا-
ساسەن خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتكە مەن-
سۇپ بولدى. لېكىن دىنىنىڭ ئۆزىدىكى
ئالاھىدە «بەش خىل خۇسۇسىيەت»ى
يەنىلا جەمئىيەتتە ئۆزىنىڭ مۇھىم رو-
لىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرىدۇ: بىر
تەرەپتىن، ۋەتەننى سۆيىدىغان، سوتسى-
يالىزمنى ھىمايە قىلىدىغان، كومپار-
تىيىنى ھىمايە قىلىدىغاندىنىي زاتلار

ۋە دىنىي تەشكىلاتلار دىنىنىڭ دىنغا ئې-
تىقاد قىلىدىغان ئاممىنى ئىتتىپاقلاش-
تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە ئىج-
تىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش جەھەتتى-
كى رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق
سوتسىيالىزم قۇرۇش جەھەتتىكى ئاك-
تىپچانلىقىنى جارى قىلدۇرىدۇ. يەنە
بىر تەرەپتىن دۆلىتىمىزدە ئىنتايىن ئاز
ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار
دىندىن پايدىلىنىپ پارتىيىنىڭ رەھبەر-
لىكىگە، سوتسىيالىزمغا، خەلق دېموك-
راتىيە دىكتاتۇرىسىغا قارشى تۇرۇپ،
ۋەتەننى پارچىلاش، دۆلەتنىڭ مال -
مۈلكىگە زىيان يەتكۈزۈش، خەلقنىڭ
ھاياتىغا تەھدىد سېلىشتەك قانۇنغا خى-
لاپ جىنايى ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇل-
لىنىۋاتىدۇ. مەسىلەن: زاڭزۇ ئەنئەنى-
ۋىي بۇددا دىنىدىكى دالاي لاما خەلقئارا-
دىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ قوللىشى
ئارقىسىدا دىندىن پايدىلىنىپ ۋەتەننى
پارچىلاش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنى-
ۋاتىدۇ؛ ھالبۇكى، بۇددا دىنىنىڭ
ئۇستازى بەنچەن دىن ئارقىلىق ۋەتەن-
نىڭ بىرلىكىنى قوغداۋاتىدۇ. دېمەك
دىنىنىڭ ئاممىۋىيلىقى دىنىي مەسىلى-
نىڭ ئىجتىمائىي سىياسىي مەسىلىدىن
پۈتۈنلەي ئايرىلىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى
بەلگىلەپ بەردى، دىندىن ئىبارەت بۇ
ئېتىقاد مەسىلىسى ياكى شەخس ئىشى-
نىڭ مەلۇم شارائىت ئاستىدا بىرخىل
ئىجتىمائىي، سىياسىي كۈچكە ئايلىنى-
دىغانلىقىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.
يولداش جياڭ زېمىن تەكىتلەپ مۇنداق
كۆرسەتتى: «مىللەتلەر، دىن خىزمىتى-
دە كىچىك ئىش يوق» دېمەك بۇ بىزدىن
مىللەتلەر مەسىلىسى ۋە دىن مەسىلى-
سىگە قاراشتا، سىياسىي جەھەتتىن

قاراشقا ماھىر بولۇشىمىزنىڭ لازىملىقىنى تەلەپ قىلىدۇ. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ دىن مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى دىنغا ئېتىقاد قىلىش ياكى ئېتىقاد قىلماسلىق مەسىلىسى ئەمەس، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ كۆپ بولۇش ياكى ئاز بولۇش مەسىلىسىمۇ ئەمەس، بەلكى دىننىڭ كىمنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىگە قاراش كېرەك، دىننىڭ دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا پايدىلىق بولغان ياكى بولمىغانلىقىغا قاراش كېرەك. دېمەك، دىن چوقۇم سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشى كېرەك.

4. دىن سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشالايدۇ.

«ئۇيغۇنلىشىش» مەلۇم سىياسىي ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ. دېمەك، بۇ ھەرگىزمۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار دىن ئىلاھ ئىدىيىسىدىن ۋە دىنىي ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىشنى تەلەپ قىلمايدۇ، بەلكى ئۇلاردىن سىياسىي جەھەتتە ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈشنى، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ۋە كومپارتىيە رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان دىنىي تۈزۈم ۋە دىنىي ئەقىدىلەرنى ئىسلاھ قىلىپ، دىنىي ئەقىدە، دىنىي قائىدە ۋە دىنىي ئەخلاقتىكى بەزى ئاكتىپ ئامىللاردىن پايدىلىنىپ، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ماركسىزمنىڭ پەلسەپەۋىي پرىنسىپلىرى بىزگە دىئالېكتىكىلىك ئىنكار قىلىش شەيئىلەر تەرەققىياتى ۋە باغلىنىشىنىڭ ھالقىسى، دەپ كۆرسەتتى. دىئالېكتىكىلىق ئىنكار دېگىنىمىز، كونىنىڭ ئورنىنى يېڭىسى ئىگىلەش دېمەكتۇر، ئۇ ھەم ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ھەم ساقلاپ قېلىش، ھەم ئىسلاھ قىلىش، ھەم ۋارىسلىق قىلىش ئارقىلىق شەيئىلەر بىر باسقۇچتىن يەنە بىر يېڭى باسقۇچقا تەرەققىي قىلىش دېگەنلىكتۇر. دىنمۇ باشقا شەيئىلەرگە ئوخشاش مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ، ئۆزگىرىدۇ، سوتسىيالىزم دەۋرىدە دىن تەرەققىي قىلىپ سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىدىغان يېڭى باسقۇچ تۆۋەندىكى بىرنەچچە تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ: 1) دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاما بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاما ئورتاق ئىجتىمائىي نىشانغا ئىگە. پەقەت سوتسىيالىزملا جۇڭگونى قۇتقۇزالايدۇ ۋە تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ. بۇ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئورتاق تونۇشى. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئاما سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ھىمايە قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تۈپ مەنپەئەتى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتى بىلەن بىردەك. ئۇ بولسىمۇ، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئىقتىسادنى گۈللەندۇرۇش، ماددىي مەدەنىيەت تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇ بولسىمۇ دىننىڭ سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشالايدىغانلىقىنىڭ سىياسىي ئاساسى. 2) دىننىڭ ئۆزىدە سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان تەشەببۇسلار مەۋجۇت. يەنى ئىسلام دىنىدىكى دىنىي زاتلار تەبلىغ قىلغان ۋاقىتتا، جامائەتنى ئىتتىپاق

ئۆتۈشكە ۋە باشقا مىللەتلەر بىلەن ئىناق ئۆتۈشكە تەشەببۇس قىلىپ «ۋەتەننى سۆيۈش — ئىماننىڭ بىر قىسمى» دەپ تەكىتلەيدۇ. 3) دىنىي ساھەدىكىلەر بىلەن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ كېلىۋاتقانلىقتەك ئىدىيىۋى ئاساسقا ئىگە. مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە، دىنىي ساھە ئېغىر زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئىدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتى ئەمەلىيلىشىپ دىنىي تۇرمۇش نورماللاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىز دىنىي ساھەدىكى زاتلار بىلەن سىياسىي جەھەتتە ئىتتىپاقلىشىش ۋە ھەمكارلىشىش، ئېتىقاد جەھەتتە ئۆزئارا ھۆرمەتلىشىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، دىنىي ساھە بىلەن بولغان بىرلىكسەپنى مۇستەھكەملىدۇق ۋە كېڭەيتتۇق. 4) مۇستەقىل ئۆزىگە - ئۆزى خوجا بولۇش، ئۆز دىنىنى ئۆزى باشقۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا، «ۋەتەننى سۆيۈش، دىنىنى سۆيۈش» تۈپ مەقسەت قىلىنغان ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ چىقتۇق. ھازىر مەملىكەت بويىچە 8 ۋەتەنپەرۋەر دىن تەشكىلاتى بار، ئۇنىڭ قارمىقىدا ئاساسىي قاتلام دىنىي تەشكىلاتلار قۇرۇلدى. پەقەت ئىلى ئوبلاستىنىڭ ئۆزىدىلا ئىسلام دىنى تەشكىلاتىدىن 14 ى بار. 5) دىنىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىدە ئۆزگىرىش ھاسىل بولدى. سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىكى دىنىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ئەمگەكچى خەلق ئاممىسى بولۇپ، ئۇلار ئەمدى «ئېزىلىۋاتقان جانلىق روھ» ئەمەس، بەلكى ئۇلار دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىغا ئوخشاش ئۆزىگە - ئۆزى خوجابولىدىغان جەمئىيەتنىڭ پۇقرالىرىغا ئايلاندى.

## II دىنىنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا قانداق يېتەكلەش كېرەك

دىنىنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا يېتەكلەش، بىلىش ۋە ئەمەلىيەتنىڭ دەۋر قىلىش، تەكرارلىنىشىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدۇر. «توغرا يېتەكلەش» نى يولغا قويىمىز دەيدىكەنمىز، ئالدى بىلەن ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈشىمىز، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىمىزغا، ئەمەلىيەت جەريانىدا ئىزدىنىشىمىزگە، دىن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش تەدبىر ۋە ئۇسۇلىنى يەكۈنلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەمەلىيەتكە قايتىپ ئەمەلىي خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىشىمىز، ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۈزلۈكسىز تۈزىتىشىمىز، تولۇقلىشىمىز ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز ھەمدە تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىنى ئىگىلەشكە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك:

1. ھەرقانداق دىن، دىنىي تەشكىلات ۋە شەخس خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشنى، قانۇننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداشنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشنى چوقۇم ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاساسىي ھەرىكەت مىزانى قىلىش كېرەك. بۇ مىزاندىن چەتنەپ كېتىلسە، دىن خاتا يولغا كىرىپ قالىدۇ، دۆلىتىمىزدىكى تېگىشلىك ئورنىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

2. دىنىي ساھە سوتسىيالىزم

جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىش جەھەتتە دا-
ۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىشى كېرەككى
ھەرگىزمۇ چېكىنمەسلىكى كېرەك.
دۆلىتىمىزدە ئىلگىرى دىنىي تۈزۈم
ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلغاچقا كاتولىك
دىنى ۋە خىرىستىئان دىنى جاھانگىر-
لىكنىڭ باشقۇرۇشى ۋە كونتروللىقى-
دىن قۇتۇلۇپ، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بو-
لۇش، ئۆزىنىڭ دىنىنى ئۆزى باشقۇ-
رۇش فاڭجېنىنى يۈرگۈزدى، بۇددا دى-
نى ۋە ئىسلام دىنى جەھەتتە فېئودال
ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە ئېزىش تۈزۈمى بە-
كار قىلىندى، بۇنداق قىلىش تامامەن
زۆرۈر ھەم توغرا ئىدى، بۇنىڭ بىلەن
دۆلىتىمىزنىڭ دىنىي ساھەسى سوتسى-
يالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشنىڭ
مۇھىم بىر قەدىمىنى باستى. دىنىي سا-
ھە مۇشۇ ئاساس بىلەن سوتسىيالىستىك
زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى
ۋەزىيىتى ۋە يېڭى ۋەزىپىگە ئۇيغۇنلى-
شىپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىشى كې-
رەككى، ھەرگىز چېكىنمەسلىكى كې-
رەك.

3. دىنىي ساھەنىڭ ۋەتەننى سۆ-
يۈش، قانۇن – تۈزۈمگە رىئايە قىلىش-
تەك ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە رولىنى دا-
ۋاملىق جارى قىلدۇرۇشىمىز، دىنىي
قائىدە ۋە دىنىي ئەقىدىلەر ئىچىدىكى
ئاكتىپ ئامىللارنى جارى قىلدۇرۇپ،
دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئاممىنى
ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك
ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن
يېڭى تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم. دىن
تارىقتىش جەريانىدا بەزى ئىجتىمائىي
ئاممۋىي ئەخلاقلارنى تۈرلۈك دىنلار-
نىڭ قائىدە ئەقىدىلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ
ۋە سىڭدۈرۈپ، بۇنىڭ بىلەن دىنىي
ئەخلاقتىكى بەزى مەزمۇنلار ئومۇمىي-
لىقىقا ئىگە قىلدۇرۇش كېرەك. بۇ
مەزمۇنلار پايدىلىق بولغان ئىجتىما-
ئىي مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بو-
لىدۇ. ئەخلاق جەھەتتە، دىن تارىختا
ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىجتىمائىي تۇر-
مۇش ئەمەلىيىتىدە شەكىللەنگەن بەزى
ئەخلاق ئۆلچىمىنى قوبۇل قىلىپ، دى-
نىي پەرىزگە ئايلانغان. «ھەرقانداق
ئاڭ فورماتسىيىسى شەكىللەنگەندىن
كېيىن ھازىر بار بولغان كۆزقاراش بى-
لەن بىرلىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ، ھەم-
دە بۇ كۆزقاراشلارنى يەنە بىر قەدەم
ئىلگىرىلىگەن ھالدا پىششىقلاپ ئىشلى-
شىگە توغرا كېلىدۇ، ئۇنداق بولمىغان-
دا، ئۇ ئاڭ فورماتسىيىسى بولماي قالى-
دۇ»، («ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئە-
سەرلىرى» 4-توم، 250-بەت). مەسى-
لەن: خىرىستىئان دىنىدىكى ئاتا-ئانىنى
ھۆرمەتلەش، ئوغۇرلۇق قىلماسلىق،
يالغان گۇۋاھلىقتىن ئۆتمەسلىك، باش-
قىلارنىڭ مال-مۈلكىنى ئىگەللىۋېلىش
قاتارلىقلار؛ بۇددا دىنىدىكى ئوغۇرلۇق
قىلماسلىق، يامان ئىش قىلماسلىق،
يالغان گەپ قىلماسلىق قاتارلىقلار؛
ئىسلام دىنىدىكى ياخشى ئىش قىلىش،
شۈكرى – تاقەت قىلىش، سەمىمىي
راسچىل بولۇش، ھاراق ئىچمەسلىك ۋە
قىمار ئوينىماسلىق قاتارلىقلار. بۇ ئەخ-
لاق ئۆلچەملىرىنىڭ چىقىش نۇقتىسى
ۋە مەقسىدى سوتسىيالىزمنىڭ ئەخلاق
ئۆلچىمى بىلەن ئوخشاش بولمىسىمۇ،
لېكىن ئوبيېكتىپ جەھەتتە سوتسىيا-
لىزمنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمىگە ئۇيغۇنلى-
شالايدۇ. بۇ جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى
قوغداشقا پايدىلىق. بىز دىندىكى بۇ
ئەخلاق ئۆلچەملىرىنى قانۇن-تۈزۈم

يولىغا يېتەكلەپ، دىنىي قائىدە ۋە دە-
نىي ئەقىدىلەردىكى ئاكتىپ ئامىللارنى
جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم. دىنغا ئې-
تىقاد قىلىدىغان كەڭ ئاممىنى ئىتتى-
پاقلاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئىككى
مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۆھپە قو-
شۇشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر
ۋاقىتتا، دىندىكى پاسسىپ ئامىللارنى
تۈگىتىشكىمۇ ئەھمىيەت بېرىشىمىز
كېرەك، چۈنكى دىن ھامان ئۇ بىر خىل
ئىدىئالىستىك دۇنيا قاراش، دۇنيا بە-
لەن كىشىلىك ھاياتنىڭ ئاستىن -
ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن ئىنكاسى. دىنى-
نىڭ پاسسىپ تەرىپىنى چەكلەش، دىن
ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى
كۈچەيتىش، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدى-
كى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىندىن پايدى-
لىنىپ سىياسىي جەھەتتىن سىڭىپ
كىرىشىگە قارشى تۇرۇش، دىنىي سوت-
سىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىنىشقا
پائال يېتەكلەش نۆۋەتتىكى دىن خىزمى-
تىنىڭ مەركىزى ۋەزىپىسى بولۇشى
كېرەك.

4. دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى
قانۇن بويىچە كۈچەيتىش كېرەك. دۆ-
لەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش —
زامانىۋىلاشقان جەمئىيەتنىڭ مۇھىم
بەلگىسى. دۆلىتىمىزدە سوتسىيالىس-
تىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ يەنىمۇ
تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، دىن
خىزمىتى جەھەتتىكى قانۇنچىلىق قۇ-
رۇلۇشىنى كۈچەيتىشىمىز تەبىئىي ھال-
دا تەلەپ قىلىنىدۇ. بىرىنچىدىن، دېڭ
شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قى-
لىپ، پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى
ئومۇميۈزلۈك، توغرا، ئىزچىل
ئىجرا قىلىپ، دىن
ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى
كۈچەيتىپ، دىن مەسىلىسى جەھەتتىكى
ئىككى خىل خاتا ئېغىشنى تىرىشىپ
تۈگىتىشىمىز كېرەك. ئىككىنچىدىن،
دىنىي تەشكىلاتلار ۋە دىنىي ساھەدىكى
زاتلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى يەنىمۇ
ياخشىلاپ، قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىنى
مۇۋاپىق ياخشى بىر تەرەپ قىلىش، ھەر
دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئا-
ساسلىق رەھبەرلىرى ۋە ئاساسلىق باش-
قۇرغۇچى تارماقلار دىن تەشكىلاتلىرى-
نىڭ كۆرۈكلۈك رولىنى ۋە دىنىي زات-
لارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى تولۇق جارى
قىلدۇرۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ۋە
قىلمايدىغان بارلىق ئاممىنى ئىتتىپاقلا-
شتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىرادىسى ۋە كۈ-
چىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا، سوتسىيا-
لىستىك دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ
ئورتاق نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈشىمىز
كېرەك. بۇ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى
سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ،
بارلىق دىنىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ
قىلىشىمىزنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە
مەۋقەسى. ئەڭ ئاخىرىدا، «بەشتە ياخ-
شى دىنىي پائالىيەت سورۇنى»، «بەش-
تە ياخشى دىنىي زات» لارنى باھالاش،
تەقدىرلەش پائالىيىتىنى داۋاملىق قانات
يايدۇرۇش كېرەك. 1997 - يىلى غۇل-
جا شەھىرى باشلامچى بولۇپ ئوبلاست
بويىچە بۇ پائالىيەتنى تەشەببۇس قىلغان
ۋە يولغا قويغاندىن بۇيان، كۆرۈنەرلىك
نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، بىر تۈر-
كۈم ئىلغار، مۇنەۋۋەر شەخسلەر مەيدا-
نغا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن بىرىنچىدىن،
كىشىلەرنىڭ دىنغا بولغان تونۇشى ۋە
چۈشىنىشى يەنىمۇ ئۆستى؛ ئىككىنچى-
دىن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كۈ-

چەيتىلىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق قوغدىلىپ، ۋەتەننى، دىننى سۆيۈش ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلدى؛ ئۈچىنچىدىن، «قوش بەشتە ياخشى» لارنى باھالاپ چىقىش پائالىيىتى بىر خىل رىقابەت مېخانىزمى سۈپىتىدە دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە ئېلىپ كىرىلىپ، كەڭ دىنىي زاتلارنىڭ ئۆگىنىش، ئۆز ـ ئۆزىنى تەربىيىلەش، ئاكتىپچانلىقى ۋە ئاڭلىقلىقى ئۆستۈرۈلدى؛ تۆتىنچىدىن، دىن سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، دىنىي زاتلارنىڭ سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئاكتىپچانلىقى زور دەرىجىدە قوزغۇتىلدى.

5. باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ دىن مەسىلىسى توغرىسىدا تەكىتلىگەن ئۈچ جۈملە سۆزىنى ئومۇميۈزلۈك چۈشىنىۋېلىش لازىم. يەنى: بىرىنچىدىن، پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا ئىزچىل ئىجرا قىلىش، ئىككىنچىدىن، دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىش، ئۈچىنچىدىن، دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەش كېرەك. بىز باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ بۇ ئۈچ جۈملە سۆزىنى ئۆگەنگەن ۋاقتىمىزدا، بۇ ئۈچ جۈملە سۆزنى بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە چۈشىنىشىمىز لازىم. يەنى يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدىكى پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنىڭ جەۋھىرىنى چۈشىنىپ ۋە ئىگىلەپ، دىن خىزمىتىدە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇشىمىز، دىئالېكتىكىدا چىڭ تۇرۇشىمىز، چوڭ پرىنسىپ ۋە چوڭ يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم. يىغىپ ئېيتقاندا، سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىشىمىز، باشقۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز ۋە ئۇيغۇنلىشىشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. ئۈچ جۈملە سۆز بىر ـ بىرى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ، دىن سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش بىلەن دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا سىياسەت نۇقتىسى ۋە قانۇنچىلىق نۇقتىسىدىن بايان قىلىنغان، بۇ سۆزنىڭ ماھىيىتى پۈتۈنلەي بىردەك، ئۇنىڭ يادروسى دىن مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشتا قانۇنلۇقلىرىنى قوغداش، قانۇنسىزلىرىنى چەكلەش، قانۇنغا خىلاپ بولغانلىرىغا زەربە بېرىشتىن ئىبارەت. ئۈچ جۈملە سۆز پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا ئىزچىل ئىجرا قىلىشتىن ئىبارەت بىر پرىنسىپنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ، نۆۋەتتە دىن خىزمىتىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە قارىتا دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى ھەقىقىي تۈردە قانۇن بويىچە كۈچەيتىشتىن ئىبارەت بىر مۇھىم نۇقتىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ، دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەشتىن ئىبارەت بىر نىشاننى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

تەرجىمە قىلغۇچى:
ئالىم ئابدۇراخمان
مەسئۇل مۇھەررىر:
ئەركىن ئىمىننىياز

ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى

# مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلەر بىلەن دىنىي ئېتىقاد مەسىلىسىگە توغـرا مۇئامىلـە قىلىپ پارتىيىنىڭ مىللىي دىنىي سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرايلى

مەملىكىتىمىز كۆپ مىللەتلىك،
كۆپ دىنلىق، سوتسىيالىستىك دۆلەت.
مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ
دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەھۋالى ئوخشاش
ئەمەس. بىر مىللەت بىرنەچچە خىل
دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان، بىرقانچە مىل-
لەت بىرلا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان مۇ-
رەككەپ ئەھۋال مەۋجۇت. بۇ دىنلارنىڭ
بەزىلىرى ئېلىمىزدە پەيدا بولغان. مە-
سىلەن، تويىن (داجاق) دىنى بۇنىڭدىن
باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگىدەك چەت-
تىن ئېلىمىزگە تارقىلىپ كىرگەن. بۇ
دىنلارنىڭ ئېلىمىزگە تارقىلىپ كىر-
گەن ۋاقتىمۇ ئوخشاش ئەمەس. ئىنسا-
نىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ تارى-
خى بىزگە دىن پەيدا بولغاندىن تارتىپ
دىن بىلەن باغلانمىغان بىرەرمۇ مىللەت
ۋە دۆلەتنىڭ يوقلىقىنى بىلدۈرىدۇ.
دىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىكەن، تەبىئىي
ھالدا ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار بولى-
دۇ. ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئېتىقادچىلىرىنىڭ
سانى، ئېتىقاد دەرىجىسى، ئېتىقاد قىلى-
غان ۋاقتى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئېتى-
قادچىسى بولمىغان دىن مەۋجۇت بولۇپ
تۇرالمايدۇ، يەنە كېلىپ دىنغا ئېتىقاد
قىلىدىغان خەلق ھامان بىر مىللەتكە
تەۋە بولغان بولىدۇ، بۇ ھال، دىن بى-
لەن مىللەت، دىنىي مەسىلە بىلەن
مىللىي مەسىلىنى گىرەلەشتۈرگەن
ھالدا شەكىللەندۈرىدۇ، دىنىي ئېتىقاد
مەسىلىسى بىلەن مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت
مەسىلىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. پۈتۈن
مىللەت بويىچە بىر دىنغا ئېتىقاد قىلى-
دىغان مىللەتلەر ئارىسىدا مىللىي مە-
سىلە بىلەن دىنىي مەسىلە تېخىمۇ زىچ
گىرەلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. مىللىي
مەسىلە بىلەن دىنىي مەسىلىنىڭ ئۆزئا-
را مۇناسىۋىتى ۋە پەرقىنى ئېنىچكە ۋە
توغرا كۆزەتمىگەندە ۋە ئۇنى توغرا پەرق-
لەندۈرۈشكە ماھىر بولمىغاندا، بىر ـ
بىرىگە ئوخشاش بولمىغان بۇ ئىككى مە-
سىلىنى ئاسانلا ئارىلاشتۇرۇۋېتىش خا-
ھىشى ياكى زىددىيەتلەرنىڭ خاراكتېرى-
نى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېتىپ، ئۇنى خاتا
بىر ياقلىق قىلىش خاتالىقى كېلىپ
چىقىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇ ئىسلاھات
ئېلىپ بېرىش، ئېچىۋېتىشتا، مىللەتلەر
ئىتتىپاقلىقىغا، سىياسىي ۋە ئىجتىما-
ئىي مۇقىملىققا شۇنداقلا تەرەققىياتقا
ئىنتايىن پايدىسىز.

<1>

مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت دېگەندە،
ئاساسەن، بىر مىللەتنىڭ ماددىي تۇر-
مۇش ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت ھەم ئائىلە،
نىكاھ ئىشلىرى قاتارلىق ئىجتىمائىي
تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىكى
ئەنئەنىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ ھەر
مىللەت خەلقى (ياكى بىرەر مىللەت

خەلقى) ناھايىتى ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا تەدرىجىي ھالدا شەكىللەندۈرگەن خىسلەت، يوسۇن - قائىدىلەردىن ئىبارەت. ئۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، تۇرالغۇ جاي، نىكاھ، ئائىلە، توي - تۆكۈن، پەرزەنت كۆرۈش، ئۆلۈم - يېتىم، مېيىت ئۇزىتىش، نەزىر - چىراق، ھېيت - ئايەم ئۆتكۈزۈش، كۆڭۈل ئېچىش، مېھماندارچىلىق، قائىدە - يوسۇن، پەرھىز تۇتۇش... قاتارلىق جەھەتلەردە كونكرېت ۋە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. بۇلار ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى، شەكلى ۋە ئىپادىسىدۇر.

ھەرقانداق مىللەتنىڭ ئۆرپ - ئادىتى تارىخنىڭ مەھسۇلى. ئىجتىمائىي تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىنىڭ مەھسۇلى. ئۇنىڭ چوڭقۇر تارىخىي يىلتىزى ۋە تەبىئىي يىلتىزى بار. ئىنسانىيەت جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخىدا ئۆرپ - ئادەت يوقلىقتىن بارلىققا كېلىش، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە قاراپ راۋاجلىنىش تارىخىنى باشتىن كەچۈرۈپ كەلدى. ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆرپ - ئادىتى شۇ مىللەت ئۇچۇن ئورتاق بولۇپ، شۇ مىللەتنىڭ ئىچىگە كەڭ تارقالغان، شۇ مىللەت ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭگەن بولىدۇ، شۇ مىللەتنىڭ ئورتاق پسىخولوگىيىلىك ھېسسىياتىنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ كەڭ ئاممىۋىلىققا ۋە چوڭقۇر ئىجتىمائىيلىققا ئىگە بولىدۇ. بىر مىللەت ئۆز ئۇيۇشقاقلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ھامان باشقا مىللەتلەردىن پەرقلىق بولغان بەزى ئۆرپ - ئادەت، تۇرمۇش ئۇسۇلى، مىللىي خىسلىتى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۇنى شۇ مىللەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان بەلگە دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ مىللەتنىڭ ئورتاق پسىخولوگىيىلىك ھېسسىياتىنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئالايلۇق، ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆزى ياقتۇرىدىغان مىللىي كىيىم - كېچىكى بولىدۇ. ئۇلار بىر - بىرىدىن نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتا تۇرغان ھالەتتىمۇ بىرەر مۇراسىم - يىغىلىشلاردا ئۆز مىللىتىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى كىيگەنلەرنى كۆرسە، شۇئان ناھايىتى يېقىنلىق ھېس قىلىدۇ. ئەگەر بىرى ئۇنى ياراتماسلىق، ئۇ يېرى ئۇنداق ئىكەن، بۇ يېرى بۇنداق ئىكەن دېگەندەك مەنسىتمەسلىك سۆز - ھەرىكەتتە بولسا، ئۇنىڭغا قارىتا تەبىئىي ھالدا مىللىي ھېسسىياتى ۋە مىللىي غۇرۇرى قوزغىلىدۇ. دېمەك ئۆرپ - ئادەتنىڭ شەكىللىنىشى بىر مىللەتنىڭ ئورتاق پسىخولوگىيەلىك ھېسسىياتىنىڭ شەكىللىنىشىدىنمۇ دېرەك بېرىدۇ.

يېمەك - ئىچمەك جەھەتتىن ئالساق، يېمەك - ئىچمەك مىللەتلەر تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، مىللەتلەرنىڭ يېمەك - ئىچمەك ئالاھىدىلىكى شۇ مىللەتنىڭ ياشىغان شەرت - شارائىتى، شۇغۇللانغان ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، شۇنداقلا دىنىي ئېتىقادى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئەنئەنىۋى قارىشى ۋە باشقىلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. مۇسۇلمان مىللەتلەر توڭگۇز، ئېشەك، خېچىر، ئىت، مۈشۈك... قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ شۇنداقلا ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋانلارنىڭ گۆش - يېغىنى يېمەيدۇ.

مۇسۇلمان مىللەتلەردە توڭگۇز بېقىش، توڭگۇز گۆشىنى يېيىش مەنئىي قىلىنغان. بۇنداق ئادەت ئىسلام بەلگىلىمىلىرى ۋە ئىسلام ئەنئەنىلىرىدىن كەلگەن، دىنىي تۈس ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانى ئارقىلىق، مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ ئۇ هايۋانلارنىڭ گۆش - يېغىنى يېمەسلىكى مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ئايلىنىپ كەتكەن. تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تاجىكلار ۋە خۇيزۇلار ئات گۆشى يېمەيدۇ. بەزى مىللەتلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمىسىمۇ توڭگۇز گۆشى يېمەيدۇ.

كىيىم - كېچەك جەھەتتىن ئېيتقاندا، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ خاس مىللىي كىيىم - كېچىكى بار. بۇ مىللەتلەرنىڭ بەزىلىرى كەڭ، ئۇزۇن كەڭتاشا كىيىملەرنى كېيىشنى، يەڭ - ياقا، ئېتەك، پەشلىرىگە مەشۇت، زەر يىپتا ۋە باشقىلار بىلەن كەشتىلەنگەن كىيىملەرنى كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بۆكلىرىنىمۇ مەشۇت، زەرىپىلار بىلەن كەشتىلەپ كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. كىيىم - كېچەك، بۆكلىرىنىڭ كەشتىسىز، سىدام بولۇشىنىمۇ ياخشى كۆرىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت. بۇ خىل ئەھۋالمۇ شۇ مىللەتلەرنىڭ كىيىم - كېچەك ئالاھىدىلىكى ۋە كېيىنىش ئادىتىدۇر. ئاياق كىيىملىرىدىمۇ مەلۇم ئالاھىدىلىك مەۋجۇت.

كىشىلەر بىلەن بولغان ئالاقە - مۇئامىلە جەھەتتىن ئېيتساق، ئېلىمىزدىكى مۇسۇلمان مىللەتلەر كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە - ئالاقىدا ئەدەب ئەخلاقلىق، قائىدە - يوسۇنلۇق، قىزغىن ۋە مېھماندوستلۇققا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر ئەرلىرى ئۆزئارا كۆرۈشكەندە ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ سالام - سائەت قىلىشىپ، تېنچلىق، ئامانلىق سورىشىدۇ، قارشى تەرەپ «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ ھۆرمەت بىلەن سالام ئېلىك ئېلىپ ئىھتىرام بىلەن ئەھۋال سورىشىدۇ. تاماقتىن بۇرۇن ۋە تەرەتتىن كېيىن قول يۇيىدۇ، ئۆز ئۆيىدە ياكى مېھمانغا بارغاندا تاماقتا ئولتۇرغاندا مىشقىرىش، ئوسۇرۇش، بىرۇغا قاراپ ئەسنەش، چۈشكۈرۈش، كېرىلىش، بۇرۇن كوچىلاش ۋە بەدەن قاشلاش، قول ۋە چىنە - قاچىلارنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن سىلكىش قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئەيىپ كۆرىدۇ.

ئېلىمىزدىكى مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ توي - تۆكۈن، ھېيت - بايرام ئۆتكۈزۈشى، ئاممىۋىي كۆڭۈل ئېچىشى، مىللىي تەنتەربىيىسى، مېيىت ئۇزۇتۇش ئىشلىرىمۇ شۇ مىللەتلەر تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇمۇ بەلگىلىك بىر ئۆرپ - ئادەتكە ئايلانغان. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنى ئالساق، بالا تۇغۇلغاندا مۇللا چاقىرىپ ئەزان قىچقىرىپ ئات قويۇش، ئوغۇل بالا يەتتە ياشقا كىرگەندە خەتنە قىلدۇرۇش، قىز بالا يەتتە ياشقا كىرگەندە قولىقىنى تېشىش، قورامىغا يەتكەندە توي خېتى ئېلىپ، نىكاھ ئوقۇتۇپ، توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ ياتلىق قىلىش، مېيىت چىقسا ئەھلى جامائەت بىلەن يۇيۇپ - تاراپ، نامىزىنى چۈشۈرۈپ دەپنە قىلىش، نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈش... لەر ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن. ئۇيغۇر،

قازاق، قىرغىز قاتارلىق مۇسۇلمان مىللەتلەردە يەنە ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىشلاردىن مۇقام، مەشرەپ، ئۇلەك ئۆتكۈزۈش؛ مىللىي ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىدىن دارۋازلىق (جازبازلىق)، بەيگە، چېلىشىش؛ ھېيت-ئايەملەردىن پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە ئورتاق بولغان بايراملاردىن باشقا، مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئۆتكۈزىدىغان ھېيت - ئايەملىرى بار. مەسىلەن، ئىلىمىزدىكى مۇسۇلمان مىللەتلەر ھىجرىيە كالېندارى بويىچە ھەر يىلى زۇلھەججە (10 - ئاي) نىڭ 1 - كۈنى روزا ھېيت، ھەر يىلى شەۋۋالنىڭ (12 - ئاي) 10 - كۈنى قۇربان ھېيت ئۆتكۈزىدۇ. ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش، ھېيت - بايرام ئۆتكۈزۈش كۈنلىرىدە ھېيتلىق - بايراملىق كىيىملىرىنى، مۇسبەتتە مۇسبەت كىيىملىرىنى كىيىشىپ، ھەممىسىنى ئۆز لايىقىدا مىللىي ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە ئۆتكۈزىدۇ.

<2>

شۇنى ئېنىق چۈشىنىش كېرەككى، مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بىرلا ۋاقىتتا شەكىللىنىپ كەتمەيدۇ ھەم ئۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇ ھەرقانداق بىر مىللەت ئۆزى ياشاۋاتقان تەبىئىي شارائىت، تۇرۇۋاتقان ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي شارائىت، شۇغۇللىنىۋاتقان ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىكى ۋە تۇرمۇش مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلاشقان ھالدا تەدرىجىي شەكىللىنىدۇ، بېيىيدۇ، مۇكەممەللىشىدۇ ۋە مۇستەھكەملىنىپ بارىدۇ. ئۇ يەنە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي شارائىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپمۇ بارىدۇ. جەمئىيەت تەرەققىياتىغا، مىللەتنىڭ پىسخىك ھالىتىگە، ماددىي تۇرمۇش ۋە مەنىۋى تۇرمۇش تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشالمايدىغان، ماسلىشالمايدىغان بەزى ئۆرپ - ئادەتلەر جەمئىيەت ۋە مىللەت تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىدۇ، «تەبىئىي تاللىنىش» قا ئۇچرايدۇ. يەنە بەزى «يېڭى» ئۆرپ - ئادەتلەر بولسا، قوشۇلىدۇ. بۇنداق ھالەت توختاۋسىز دەۋر قىلىدۇ. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن قوشۇلغان «يېڭى» ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ ئىلغار، ئىجابىي بولۇپ كېتىشى ناتايىن. ئۇمۇ يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، جەمئىيەت ۋە مىللەت تەرەققىياتىنىڭ ئەمەلىيىتى ئىچىدە ئۆز رولىنى بەلگىلەيدۇ. لېكىن شۇنى قەتئىي تۇردە مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەككى، ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئومۇمىي ئۆرپ - ئادىتى ئىچىدە شۇ مىللەتنىڭ ئىلغار، ئېسىل ئۆرپ - ئادىتى ھامان ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. مىللىي ئۆرپ - ئادەت شۇ مىللەتنىڭ ئالغا بېسىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. مىللىي ئۆرپ - ئادەت ئاڭلىماققا ئاددىيلا بىر ئېغىز گەپتەك قىلغىنى بىلەن ماھىيەتتە، ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ دىققەت قىلىشىغا، ئەھمىيەت بېرىشىگە تېگىشلىك مۇرەككەپ ۋە زىل بىر مەسىلە. بەزى ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ ئازدۇر - كۆپتۇر دىنىي تۈس ئالغانلىقىنى كۆرۈپلا ياكى ئاڭلاپلا، ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات ئارقىلىق ئۇنىڭ مىللەتنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ئايلىنىپ كەتكەنلىكىدەك ئەمەلىيەتنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش كېرەك.

مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە تۇتۇلىدىغان پوزىتسىيە مىللەتلەرگە تۇتۇلغان پوزىتسىيە ھېسابلىنىدۇ. بۇ بىر پرىنسىپ مەسىلىسى، شۇنداقلا سىياسەت مەسىلىسى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مەسىلىگە ھەرقاچان، ھەرجايدا ھەرگىزمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ.

ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىمكى، دىن مىللەتكە، مىللەتنىڭ تۇرمۇش، مەدەنىيەت، سەنئىتى قاتارلىقلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ تارىخىي ئەمەلىيەت، بۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك. بۇنى ئېتىراپ قىلىش ئەمەلىيەتكە ھۆرمەت قىلغانلىق بولىدۇ. لېكىن بۇنداق ئېتىراپ قىلىش دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ ھەممىلا نېمىسىدىن دىن پۇرىقى چىقىپ تۇرىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. ئەگەر شۇنداق قاراشقا يول قويۇلىدىغان بولسا، ئۇ مىللەتنىڭ كىيگەن كىيىملىرىدىن، ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلەتكەن قورال سايمانلىرىدىن، قول سانائىتى، ھۈنەر - تېخنىكىلىرىدىن، ئوينىغان ئۇسسۇل، چالغان چالغۇ ئەسۋابلىرىدىن، چېلىش، دارۋازلىقلىرى قاتارلىقلاردىنمۇ دىن ھىدى چىقىپ تۇرىدۇ دەيدىغان بىمەنىلىك كېلىپ چىقىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ئىنتايىن خاتا قاراش. بۇ يەردە ئېيتىلغان دىنىنىڭ مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشى، مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتىگە ۋە باشقىلارغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى، ئاساسەن، دىنىنىڭ مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش، مەدەنىيەت، ئەخلاق، قانۇن، سەنئەت ... قاتارلىقلارغا بولغان ئەنئەنىۋي قارىشى، ئىدىيىسىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى كۆرسىتىدۇ. دىن ھەرگىز ۋە ھېچ ۋاقىتتا مىللەت روھىنىڭ بىردىنبىر مەركەزلىك ئىپادىسى ئەمەس ۋە ئۇنداقمۇ بولالمايدۇ. مىللەتنى تەشكىل قىلىدىغان ئامىلمۇ ئەمەس ۋە بەلگىمۇ ھېسابلانمايدۇ. مىللەتمۇ دىننى تەشكىل قىلىدىغان مۇھىم ئامىل ياكى دىنىنىڭ بۆلىكى ياكى دىنىنىڭ ئىپادىسى ئەمەس.

دىنىنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن مىللەتنىڭ پەيدا بولۇشى گەرچە ئوخشاشلا تارىخنىڭ مۇئەييەن تەرەققىيات باسقۇچىنىڭ مەھسۇلى بولسىمۇ، شۇنداقلا ئۆز ئارا بىر بىرىگە باغلىنىدىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىككىسى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئايرىم - ئايرىم ئىككى مەسىلە. مىللەت بىلەن دىنىنىڭ ئاخىرقى ئۆزگىرىشىمۇ بىر - بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. «كاپىتالىزم جەمئىيىتى ھازىرقى مىللەتلەر شەكىللەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغان دەۋر. سوتسىيالىزم جەمئىيىتى مىللەتلەر تەرەققىي قىلىدىغان، گۈللىنىدىغان دەۋر. كوممۇنىزم جەمئىيىتى بولسا مىللەتلەر تەدرىجىي يوقىلىدىغان دەۋر①». «ئاۋۋال سىنىپ يوقىلىدۇ، ئاندىن كېيىن دۆلەت يوقىلىدۇ، ئاخىرىدا مىللەت يوقىلىدۇ، پۈتۈن دۇنيادا شۇنداق بولىدۇ②». دۇنيادىكى مىللەتلەر قوشۇلۇپ بىرگەۋدە بولغان ۋاقىت، مىللەتلەر يوقالغان كۈن بولىدۇ، بۇ چاغدا پۈتۈن دۇنيا كوممۇنىزم جەمئىيىتىگە كىرگەن، دۇنيادىكى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيىتى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان، ئۇزۇن مۇددەتلىك قويۇق ئالماشتۇرۇش ۋە زىچ ھەمكارلىشىش ئارقىلىق ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئاخىرقى ھېسابتا يوقالغان بولىدۇ. دىنچۇ؟ كىلاسسىكلىرىمىزنىڭ قارىشىچە،

دىنمۇ باشقا شەيئىلەرگە ئوخشاش، ئۆزىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە بېقىنمايدىغان بىر يۈرۈش ئوبيېكتىپ تەرەققىيات قانۇنىيىتى بويىچە تەدرىجىي يوقىلىدۇ. يەنى ئۇنىڭ يوقىلىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بارلىق شارائىتلار تولۇق ھازىرلانغاندا ئاندىن ئۇ باشقىلار تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزلىكىدىن يوقىلىدۇ. لېكىن دىنىنىڭ ئۆزلىكىدىن يوقىلىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بارلىق شەرت ـ شارائىت قاچان پىشىپ يېتىلىدۇ؟ بەزى يولداشلار دىن ئىنسانلار كوممۇنىزم جەمئىيىتىگە قەدەم قويغاندا يوقىلىدۇ دەپ قارايدۇ③. ئىنسانلار كوممۇنىزم جەمئىيىتىگە قەدەم قويغاندا دىن يوقىلامدۇ؟ كىلاسسىكلىرىمىز بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئىنتايىن ئۇزاق ۋە زور تەپەككۇر يۈرگۈزگەن. ماركس، ئېنگېلسلار بۇ مەسىلىدە ئۇزۇن مۇددەت ئىنچىكە ۋە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئىنتايىن ئوبرازلىق ۋە ناھايىتى ئىخچام قىلىپ مۇنداق مەشھۇر ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويغان: «دىن ئىنسان ئەتراپىدا ئايلانغۇچى پەقەت خىيالى قوياش بولۇپ، ئۇ ئىنسان ئۆز ئەتراپىدا ئايلانمىغىچە داۋام قىلىۋېرىدۇ»④، «جەمئىيەت پۈتۈن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش ۋە پىلانلىق ئىشقا سېلىش ئارقىلىق ئۆزىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ بارلىق ئەزالىرىنى قۇللۇق ھالەتتىن قۇتۇلدۇرغان چاغدا، نىيەت بەندىدىن، ئىشمۇ بەندىدىن بولغان چاغدا، ھازىرمۇ دىندا ئەكس ئېتىۋاتقان ئەڭ ئاخىرقى يات كۈچ يوقىلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي، ئۇ بولسىمۇ، ئۇ چاغدا ئىنكاس قىلغىدەك ھېچنەرسە قالمايدۇ»⑤. دۆلىتىمىزنىڭ مەشھۇر مىللەتلەر خىزمىتى تەدبىرچىسى ۋە مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ كىلاسسىك شەرھىيچىسى جۇئېنلەي 1957 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى چىڭداۋدا چاقىرىلغان مىللەتلەر خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتقىدا بۇ مەسىلە ئۈستىدە توختىلىپ، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، سالماقلىق بىلەن مۇنداق دەپ قەيت قىلغان: «دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار ھازىر سوتسىيالىستىك دۆلەتتىمۇ بار، كەلگۈسىدە، كوممۇنىزم جەمئىيىتىگە بارغاندا زادى قالامدۇ؟ ھازىر كېسىپ بىر نەرسە دېيىشكە بولمايدۇ»، «... ئۇنىڭ كەلگۈسىدىكى تەرەققىياتىنىڭ قانداق بولۇشىغا كەلسەك، بۇ كەلگۈسىدىكى ئەھۋالغا باغلىق. ئەمما كىشىلەردە ئىدىيە جەھەتتىن يېشىلمىگەن ۋە ھەل قىلالمىغان مەسىلىلەر يەنىلا بولىدىكەن، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئەھۋاللاردىن ساقلىنىش قىيىن»⑥. بۇ يەردە بىزنىڭ دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇشتىن قېپقىلىشىنى تىلغا ئېلىشىمىز قانداقتۇ كىشىلەرنى دىنىي ئېتىقادتىن ۋاز كېچىشكە، دىنغا قارشى جەڭ ئېلان قىلىشقا، مەمۇرىي بۇيرۇق، زورلۇق ياكى ساقچىلىق ۋاستىلىرى بىلەن دىننى سۈنئىي تەرىزدە يوقىتىشقا ئۈندەش ئەمەس، بەلكى دىن تەرەققىياتىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە بېقىنمايدىغان ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى ماركسىزملىق دىن قارىشى بويىچە كۆرسىتىپ بېرىش.

ماركسىزمچىلار ئۇزۇل ـ كېسىل ماتېرىيالىزمچىلار بولۇپ، ئۇلار دىنغا ئېتىقاد قىلمايدۇ. ماركسىزمچىلار تەلتۆكۈس ماتېرىيالىزمچىلار بولغاچقا، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدۇ،

ھەممىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار شۇنى ئوبدان بىلىدۇكى، دىنىي ئېتىقاد ئىدىيىۋى ساھەدىكى مەسىلە، مەنىۋى دۇنيا جەھەتتىكى مەسىلە. ئىدىيە، روھىي دۇنيا جەھەتتىكى مەسىلىگە شەخسنىڭ زورلاش ئۇسۇلى بىلەن ئارىلىشىشى مۇمكىن ئەمەس. سىرتقى غەيرىي مەنىۋى مەجبۇرلاش، زورلاش ۋاستىلىرى كىشىلەرنىڭ ئېتىقاد ۋە ئىدىيىسىنى يوشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇكى، ئۇلارنىڭ ئىچكى ئىدىيىسى ۋە ئېتىقادىنى ھەرگىز ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئىدىيە، روھ، يەنى مەنىۋى دۇنياغا ياتىدىغانلىكى مەسىلىلەرنى، بولۇپمۇ دىنىي ئېتىقاد مەسىلىسىنى پەقەت قايىل قىلىش، تەربىيە بېرىش يولى بىلەن، كىشىلەرنىڭ ئىختىيارىي تاللىۋېلىش يولى بىلەنلا ھەل قىلىشقا بولىدۇكى، زورلۇق، بۇيرۇق ۋاستىلىرىنى قوللىنىشقا بولمايدۇ. تەربىيە بېرىش، توغرا يېتەكلەشكىلا بولىدۇكى، بېسىشقا، زەربە بېرىشكە بولمايدۇ؛ دېموكراتىيە ۋاستىلىرىنى قوللىنىشقىلا بولىدۇكى، قوپال، زورلۇق ۋاستىلىرىنى قوللىنىشقا بولمايدۇ. كىشىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى چەكلەشكە ياكى كىشىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنىدىغان ھەرقانداق قىلىقلار تارىخنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە مۇخالىپ كېلىدۇ. ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ۋە تىنچ، ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەش ھەم ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىسىز. شۇنى ئەستىن چىقىرىپ قويۇشقا بولمايدۇكى، مەيلى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ياكى قىلمايدىغان، مەيلى ئۆرپ - ئادەتلىرى ئوخشايدىغان ياكى ئوخشىمايدىغان مىللەتلەر بولسۇن، پۈتكۈل ئاممىنى تۈپ مەنپەئەتنىڭ بىردەكلىكى ئاساسىدا بىرلىشىپ، زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسى ۋە كۈچىنى جۇڭگوچە زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت ئورتاق نىشان - بۈيۈك ئىشقا مەركەزلەشتۈرۈش بۈگۈنكى جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ ئومۇملۇق. بىز ھەممىدە مۇشۇ چوڭ ئومۇملۇقنى كۆزدە تۇتۇشىمىز، ئۇنىڭغا مۇخالىپ كېلىدىغان سۆز - ھەرىكەت ۋە ۋاستىلەرگە يول قويماسلىقىمىز لازىم.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىمىز مىللىي، دىنىي مەسىلىدىكى ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، «سول» چىللىقنى تۈزىتىپ ۋە تۈگىتىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، بىر يۈرۈش توغرا سىياسەت، تەدبىرلەرنى تۈزۈپ يولغا قويۇپ، ئىشلارنى توغرا ئىزغا سالدى. بۈگۈنكى كۈندە، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ياكى ئېتىقاد قىلمايدىغان ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز تۈزۈپ يولغا قويغان دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىدىن تامامەن رازى. ئۇ ھەقىقەتەن توغرا سىياسەت. ئۇ قانۇنىي ئاساسقا ئىگە ۋە ئاساسىي قانۇن تەرىپىدىن كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ.

<3>

پارتىيىمىز ماركسىزمنىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى ئاساسىي

نەزەرىيىسىنى ئېلىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك دۆلەت ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەر بولۇش، ئىتتىپاقلىشىش، ئۆزئارا ھەمكارلىشىش پرىنسىپىدا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىدا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مىللىي مەسىلىنى جۇڭگوچە ھەل قىلىشنىڭ توغرا يولىنى تېپىپ، بىر قاتار مىللىي سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقتى ۋە يولغا قويدى. ئېلىمىزنىڭ 50 يىللىق ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتى پارتىيىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ھەقىقەتەنمۇ «توغرا مىللىي سىياسەت ھەرمىللەت خەلقىنىڭ مۇستەھكەم ئىتتىپاقلىقىنىڭ مۇھىم ئاساسىي ۋە كاپالىتى»، «جۇڭگونىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، يېڭى جۇڭگونىڭ مىللىي سىياسىتى ئەڭ ياخشى سىياسەت. دۇنيادىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرغاندىمۇ بىزنىڭ مىللىي سىياسىتىمىز ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك سىياسەت»⑦.

پارتىيىمىز تۈزۈپ يولغا قويغان مىللىي سىياسەتلەر ئاساسەن: مىللەتلەر باراۋەرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى توغرىسىدىكى سىياسەت؛ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى؛ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش سىياسىتى؛ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىش سىياسىتى؛ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى قوللىنىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش سىياسىتى؛ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىش سىياسىتى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ سىياسەتلەر ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى.

بىز توختىلىۋاتقان مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتى مەسىلىسى دەل پارتىيىمىزنىڭ بىر تۈرلۈك مىللىي سىياسىتى. ئۇنىڭغا چوقۇم ھۆرمەت قىلىش كېرەككى، دەخلى - تەرۇز قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ سىياسەتنىڭ مەزمۇنى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىش، ھەرقايسى مىللەتلەردە ئۆز مىللىتىنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئىسلاھ قىلىش ئەركىنلىكى بولۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىدىيىسىنىڭ زىچ باغلىنىشلىقى بولۇپ، ئۇ مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىلگىرىلىشى - ئالغا بېسىشىغا مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىلغار، ساغلام ئۆرپ - ئادەتلەر مىللەتنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇش، مىللەتنىڭ غورۇرىنى ۋە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇش، مىللەتنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق. ناچار، قالاق ئۆرپ - ئادەت بولسا، مىللەتنىڭ ئالغا بېسىشىغا پايدىسىز، ھەتتا ئۇ جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىگىمۇ توسالغۇ بولىدۇ.

مىللەتلەرنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققى-
يات جەريانىدا شەكىللەنگەن ئۆرپ -
ئادەتلىرىنى، ئومۇمەن، مۇنداق ئۈچ
خىلغا ئايرىش مۇمكىن: (1) ئىلغار،
ساغلام، ياخشى ۋە بىر قەدەر ياخشى
ئادەتلەر؛ (2) ياخشى دېگىلىمۇ، يامان
دېگىلىمۇ بولمايدىغان، يەنى كۆرۈنەر-
لىك ئاكتىپ رولىمۇ ياكى پاسسىپ رو-
لىمۇ بولمىغان، پايدىسىز ھەم زىيانسىز
ئادەتلەر؛ (3) زىيانلىق ئۆرپ - ئادەت-
لەر، يەنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زى-
يان يەتكۈزىدىغان، ئىشلەپچىقىرىش،
ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ۋە
مىللەتنىڭ ئالغا بېسىشىغا كاشىلا بولى-
دىغان خەلقنىڭ تۇرمۇشى، جىسمانىي
ۋە روھىي ساغلاملىقىغا پايدىسىز، تازى-
لىق ئۆلچىمىگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان
ئىلمىي بولمىغان ئۆرپ - ئادەتلەر. ئا-
خىرقى بىر خىلىنى كىشىلەر ئادەتتە
ناچار، قالاق، كونا، يامان ئادەت دەپ
قارايدۇ. بىرىنچى خىل ئۆرپ - ئادەت-
نى تەشەببۇس قىلىش ۋە جارى قىلدۇ-
رۇش كېرەك. ئىككىنچى خىل ئۆرپ
- ئادەتنى خەلق ئاممىسى ياخشى كۆرى-
دىغانلا بولسا، ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ
بېرىش، ئۇنىڭغا ئارىلاشماسلىق كې-
رەك. ئۈچىنچى خىلدىكى ئادەتكە قارىتا
شۇ مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىغا
سەۋرچانلىق بىلەن قايىل قىلىش تەر-
بىيىسىنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ تو-
نۇشىنى ئۆستۈرگەندىن كېيىن، ئۇنى
ئۆزلىرىنىڭ ئىسلاھ قىلىشىغا قويۇش
كېرەك.

ھەرقانداق بىر مىللەت ئۆزىنىڭ
ئۆرپ - ئادىتىنى ساقلاپ قىلىش ياكى
ئىسلاھ قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە بو-
لۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
ئۆرپ - ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش پار-
تىيىمىزنىڭ ئىزچىل سىياسىتى. ھۆر-
مەت قىلىش دېگەنلىك — ئاز سانلىق
مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىغا ۋە
ئۆز ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقىغا
ھۆرمەت قىلىش دېگەنلىك، ئاز سانلىق
مىللەتتىن بولغان كادىرلارغا ۋە ئاممىغا
ئىشىنىش دېگەنلىك. ماۋزېدۇڭ ئاز سان-
لىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە
قانداق مۇئامىلە قىلىشتا پارتىيىمىزنى
مۇنداق دەپ توغرا ئاگاھلاندۇرغان ئې-
دى: «ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا
ئۆرپ - ئادەتلەر ئۈستىدە ئىسلاھات ئې-
لىپ بېرىشقا بولىدۇ، لېكىن بۇنداق
ئىسلاھاتنى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆز-
لىرى ئېلىپ بېرىشى كېرەك»⑧. دۆ-
لىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىنىڭ 4 -
ماددىسىدا ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك
ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ 10 - ماددىسىدا
ئايرىم - ئايرىم ھالدا: «دۆلەت ئاز
سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىغا
ۋە مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ»،
«مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى... ئۆزلە-
رىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ساقلاپ قې-
لىش ياكى ئىسلاھ قىلىش ئەركىنلىكى-
گە ئىگە»، «مىللىي ئاپتونومىيە جاي-
لارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى شۇ
جايدىكى مىللەتلەرنىڭ... ئۆزلىرى-
نىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ساقلاپ قې-
لىش ياكى ئىسلاھ قىلىش ئەركىنلىكى-
گە كاپالەتلىك قىلىدۇ» دەپ بەلگىلەن-
گەن. بىز ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىشتا،
ئاز سانلىق مىللەت خەلقىگە، مىللەتلەر
باراۋەرلىكىگە ۋە مىللەتلەرنىڭ ھېسسى-
ياتىغا ھۆرمەت قىلىشىمىز كېرەك.
ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ -

ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىش ـ قىلماس-
لىق — مىللەتلەرنىڭ باراۋەر بولۇش
پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش ـ تۇرماس-
لىق، مىللىي مۇناسىۋەتنى توغرا ھەل
قىلىش ـ قىلماسلىق، مىللەتلەر ئىت-
تىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ـ كۈچەيتمەس-
لىك، جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشىنى
ئىلگىرى سۈرۈش ـ سۈرمەسلىككە مۇ-
ناسىۋەتلىك زور مەسىلە. ئاز سانلىق
مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە ھۆرمەت
قىلىش — پارتىيىمىزنىڭ بىر تۈرلۈك
مىللىي سىياسىتى ئىكەن، ئاساسىي قا-
نۇن ۋە قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن ئىكەن،
يەنە كېلىپ بىر تۈرلۈك زور مەسىلە
ئىكەن، ئۇنىڭغا چوقۇم يۇكسەك دەرى-
جىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز، قانۇن،
سىياسەت بويىچە ئىش كۆرۈشىمىز
لازىم.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇ-
رۇلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11ـ
نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئو-
مۇمىي يىغىنىدىن بۇيان مەركىزىي ھۆ-
كۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى ئاز
سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلى-
رىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى كاپالەت-
لەندۈرۈش جەھەتتە ناھايىتى زور تى-
رىشچانلىق كۆرسەتتى ۋە ئەمەلىي مۇنا-
سىپ تەدبىرلەر قوللاندى. ئاز سانلىق
مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ئې-
تىبار بېرىش ئۈچۈن پارتىيە ۋە دۆلەت
يەنە ماددىي جەھەتتىن كاپالەتلەندۈ-
رۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇ-
شىغا ئالاھىدە ئېھتىياجلىق بولغان تا-
ۋارلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى بىلەن تە-
مىنلەشنى مەخسۇس ئورۇنلاشتۇردى.
گوۋۇيۈەن مىللەتلەرنىڭ ھېيت ـ باي-
راملاردا دەم ئېلىش تۈزۈمىنى بەل-
گىلىدى. بۇلاردىن باشقا، 1987 ـ يىل
7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، مالىيە مى-
نىستىرلىكى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلى-
رى كومىتېتى، دۆلەت ئەمگەك باش ئى-
دارىسى بىرلىشىپ مەركەز، گوۋۇيۈەنى-
نىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىغا، ھەرقاي-
سى ئۆلكە شەھەر، ئاپتونوم رايونلارغا
ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق مۇسۇلمان
مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ تا-
ماق قوشۇمچە راسخوتى مەسىلىسىنى
مۇۋاپىق ھەل قىلىش مەسىلىسى توغرى-
سىدا «ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى؛ 1979 ـ
يىل 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى خەلق
ئىشلىرى مىنىستىرلىكى، دۆلەت مىل-
لەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىرلىشىپ
«خۇيزۇلارنى كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىشقا
زورلىماسلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»
تارقاتتى؛ 1983 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ
25ـ كۈنى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى
كومىتېتى تەشۋىقات، ئاخبارات ۋە ئەدە-
بىي ئىجادىيەتلەردە ئاز سانلىق مىللەت-
لەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە توغرا مۇئامى-
لە قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا «ئۇق-
تۇرۇش» نى تارقاتتى. 1986 ـ يىل
2 ـ ئاينىڭ 17ـ كۈنى، دۆلەت مىللەت-
لەر ئىشلىرى كومىتېتى، «ئاز سانلىق
مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ئېھ-
تىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش
توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» نى تارقاتتى ۋە
باشقىلار⑨. بۇ بەلگىلىمىلەر ئاپتونوم
رايونىمىزدىمۇ ياخشى يولغا قويۇلدى ۋە
بەزى قوشۇمچە مۇناسىپ بەلگىلىمىلەر-
مۇ چىقىرىلدى. مانا بۇ پاكىتلار پارتىيە
ۋە ھۆكۈمەتنىڭ پۈتۈن مەملىكىتىمىز-
دىكى جۈملىدىن بارلىق ئاز سانلىق
مىللەتلەر ۋە مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ
ئۆرپ-ئادەتلىرىگە نەقەدەر ھۆرمەت

قىلىدىغانلىقى ۋە ئەھمىيەت بېرىدىغان-
لىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئاخىرىدا شۇ نەرسىنى ئالاھىدە
كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، دىن بى-
لەن مىللەت، دىنىي مەسىلە بىلەن
مىللىي مەسىلە، دىنىي ئېتىقاد بىلەن
مىللىي ئۆرپ - ئادەت گەرچە ئۆزئارا
مۇناسىۋەتلىك، بىر - بىرىگە باغلىنىپ
كېتىدىغان مەسىلە بولسىمۇ، لېكىن
تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا ئۇلار
بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئايرىم -
ئايرىم ئىككى مەسىلە. رېئال تۇرمۇشتا
ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە باغلىنىپ كېتى-
شى، مۇناسىۋىتى ۋە تەسىرىنى توغرا
تونۇشىمىز، ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇۋې-
لىشىمىز، ئۇلارنىڭ پەرقىنى ئايرىۋې-
لىشقا ماھىر بولۇشىمىز لازىم. دىنىي
مەسىلىنى مىللىي مەسىلىگە چېتىۋال-
ماسلىقىمىز، مىللىي مەسىلىنىمۇ دى-
نىي مەسىلىگە چېتىۋالماسلىقىمىز،
دىنىي مەسىلىگىمۇ مىللىي مەسىلىگىمۇ
ياتمايدىغان مەسىلىلەرنى زورمۇزور دى-
نىي مەسىلە ياكى مىللىي مەسىلە دەپ
يەكۈن چىقارماسلىقىمىز كېرەك. دى-
نىي مەسىلە بولىدىكەن، ئۇنى پارتىيە-
مىزنىڭ دىن سىياسىتى بويىچە بىر تە-
رەپ قىلىشىمىز، مىللىي مەسىلە بولى-
دىكەن، ئۇنى پارتىيىمىزنىڭ مىللەتلەر
سىياسىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىشى-
مىز، ھەممىسىنى ئاساسىي قانۇن، قا-
نۇن - نىزاملار بويىچە بىر تەرەپ قىلى-
شىمىز لازىم.

خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، پارتىيىنىڭ
مىللەتلەر سىياسىتىنىمۇ، دىن سىيا-
سىتىنىمۇ ئەتراپلىق، توغرا ئىگىلىشى-
مىز، مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەر بىلەن
دىنىي ئېتىقادنىڭ پەرقىنى ئايرىشقا
ماھىر بولۇشىمىز، بۇ جەھەتتىكى قا-
نۇن، نىزام، سىياسەت ۋە بەلگىلىمى-
لەرگە قاتتىق رىئايە قىلىشىمىز، بى-
پەرۋالىق قىلىپ مەسىلىلەرنى، ھەق -
ناھاقنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، زىددىيەت-
لەرنىڭ خاراكتېرىنى مۇرەككەپلەشتۈ-
رۈۋېتىدىغان، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاق-
لىقىغا ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىققا تە-
سىر يەتكۈزىدىغان ئەھۋاللارنىڭ ئالدىنى
ئېلىشىمىز لازىم.

**ئىزاھاتلار:**

① «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى
ئوقۇشلۇقى»، 13 -، 14 - بەتلەر، شىنجاڭ
ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1997 - يىل
4 - ئاي1 - نەشرى، 1 - باسمىسى.

② «مىللىي مەسىلە توغرىسىدا ئومۇمىي
چۈشەنچە»، شۆي يۈچى قاتارلىقلار باش مۇ-
ھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن كىتاب، 85 - بەتتە
كەلتۈرۈلگەن نەقىل، ئاپتونوم رايونلۇق پارت-
كوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن ئاپتونوم رايون-
لۇق مائارىپ كومىتېتى بىرلىكتە باستۇرغان
كىتاب، 1993 - يىل 8 - ئاي.

③ «مىللەتلەر خىزمىتىگە ئائىت بىلىم-
لەر» 172 - بەتكە قارالسۇن. شىنجاڭ خەلق
نەشرىياتى، 1995 - يىل.

④ «ماركس، ئېنگېلس دىن توغرىسى-
دا»، 3 - بەت، 1960 - يىل، ئۇيغۇرچە
نەشرى.

⑤ ئېنگېلس: «ديورىڭغا قارشى»، ئۇي-
غۇرچە نەشرى 610 -، 611 - بەتلەر.

⑥ جۇئېنلەي: «دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي
سىياسىتىگە دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسى-
دا»، «جۇئېنلەي تاللانما ئەسەرلىرى»، 2-
توم 481 - بەت.

⑦ جياڭ زېمىننىڭ 1998 - يىل 7 -
ئايدا شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى تەكشۈرگەندە
قىلغان مۇھىم سۆزى.

⑧ «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»
ئۇيغۇرچە نەشرى، 3 - توم38 - بەت.

⑨ «شىنجاڭ ھەقىقىدە 90 سوئال»، 53 ـ، 54 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىل.

پايدىلانغان ئاساسلىق ماتېرىياللار:

1. «مىللىي مەسىلە ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە».

2. «مىللەتلەر خىزمىتىگە ئائىت بىلىملەر».

3. «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئوقۇشلۇقى».

4. «ماركس، ئېنگېلس دىن توغرىسىدا».

5. «ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋزېدۇڭ دىن توغرىسىدا»، 1994 ـ يىل، مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۈيغۇرچە نەشرى.

6. «جۇڭگو بىرلىكسەپ دەرسلىكى» رېن تاۋ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن.

7. «ماركسىزملىق مىللەت قارىشى توغرىسىدا قىسقىچە ئوقۇشلۇق»، نى كاڭنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن.

8. جىياڭ زېمىننىڭ 1998 ـ يىلى 7 ـ ئايدا شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى تەكشۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزى.

9. ئىسمائىل ئەھمەد: «يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەلىپىگە ئويغۇنلىشىپ، دىن خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى»، 1993 ـ يىل 11 ـ ئايدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارە باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا قىلىنغان سۆز.

10. «ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە دائىر قانۇن ـ نىزام بىلىملىرى ئوقۇشلۇقى»، 1997 ـ يىل 6 ـ ئاي.

(ئاپتورى: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئورنىدىن)

مەسئۇل مۇھەررىر:
ئەركىن ئىمىنىياز

(بېشى 37 ـ بەتتە)

كۈندەك ئۆتكۈزۈپ، ئۆز مەۋقەسىدە چىڭ تۇرۇپ، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى پۇختا ۋە ئەستايىدىل قىلىپ، بىر كومپارتىيە ئەزاسىدا بولۇشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچىنى جان ـ دىل بىلەن پەجا كەلتۈردى. ئۇ ئارمانسىز، ئۇ ئۆزىنى يېتىشتۈرگەن پارتىيە تەشكىلىي، ئۆزىنى ئۆستۈرگەن بۇ ئىللىق تۇپراق ۋە خەلققە يۈز كېلەلەيدۇ. يولداش جېڭ يەنفۇ بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىسى جاپالىق ھەم ئەگرى ـ توقاي، ئۇ باشتىن كەچۈرگەن كىشىلىك ھايات سىناقلىرى كۆپ، ئۇنىڭ غايىسى ئۇلۇغۋار ھەم گۈزەل، ئۇنىڭ پەزىلىتى ۋە غايىسى مەدھىيەگە، ماختاشلارغا مۇناسىپ. ئۇ خۇددى ياڭاق دەرىخىدەك، تۇپراققا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، ياپ ـ يېشىل ياپرىقى ۋە لەززەتلىك مېۋىسى بىلەن شانلىق ھاياتلىق كۈيى ياڭرانتتى.

پەرھات ھەسەن تەرجىمىسى
مەسئۇل مۇھەررىر:
ئەركىن ئىمىنىياز

# ۋەتەننى ۋە ئۆز دىنىنى سۆيىدىغان «5 تە ياخشى» مەسچىت

**ئۈرۈمچى شەھىرى باداۋان كۆمۈركان مەسچىتى**

باداۋان كۆمۈر كان مەسچىتى 1922 - يىلى سېلىنغان بولۇپ، يەر كۆلىمى 244k $m^2$ كېلىدۇ. كۆمۈر كان ئىشچىلىرىنى ئاساس قىلغان 100 دىن ئارتۇق جامائىتى بار. يېقىنقى يىللاردىن بېرى، مەزكۇر مەسچىت شىمىگو رايونلۇق مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە ۋېيخۇلياڭ كۆمۈر كېنى باداۋان شۆبە كۆمۈر كان پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى تەكشۈرگەندە سۆزلىگەن مۇھىم سۆزى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشقا دائىر يېتەكچى ئىدىيىسىنىڭ روھى ھەم پارتىيىنىڭ يېڭى دەۋردىكى دىن خىزمىتى توغرىسىدىكى ئاساسىي فاڭجېن سىياسەتلىرى ۋە قانۇن - بەلگىلىمە، نىزاملىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە دىندىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، باداۋان رايونىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ئۈچۈن كۆپ تۆھپە قوشتى، ھەمدە شەھەر ۋە رايون تەرىپىدىن كۆپ قېتىم «5 تە ياخشى دىنىي پائالىيەت سورۇنى» دەپ باھالاندى. يېقىندا، شىمىگو رايونلۇق سىياسىي كېڭەش باداۋان كۆمۈركان مەسچىتىدە ئۈچ كۈن تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى تۆۋەندىكى جەھەتلەرگە يىغىنچاقلىدى:

1. مەزكۇر مەسچىتنىڭ دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملىرىنىڭ سىياسىي ساپاسى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، ئۇلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ھىمايە قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرغان، ئامما ئارىسىدا خېلى يۇقىرى ئابرويغا ئىگە بولۇپ، دىنىي بىلىممۇ يۇقىرى.

دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما دېموكراتىك ئۇسۇلدا سايلاپ چىققان مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى يەتتەيلەندىن تەشكىل تاپقان. مەسچىت ئىمامى داۋۇت نىياز 29 يىللىق ئىمامەتچىلىك تەجرىبىسىگە ئىگە بولۇپ، 1993 - يىلدىن ئېتىبارەن شىمىگو رايونىنىڭ 11 -، 12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى ھەم ئۈرۈمچى شەھىرى 12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلانغان. مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى قارمىقىدا دىنىي ئىشلار، مالىيە، ئامانلىق، مۇھىت - تازىلىق تەشۋىقاتى قاتارلىق 4 باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى بولۇپ، ۋەزىپىسى ئېنىق، مەسئۇلىيەت كىشى بېشىغا ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن، ھەر تۈرلۈك باشقۇرۇش تۈزۈملىرى مۇكەممەل بولغان. كۆپ يىللاردىن بېرى مەسچىت ھۆكۈمەت-

نىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنۇپ، دىنغا ئائىت قانۇن، سىياسەتلەرگە رىئايە قىلىپ كەلگەن، ھۆكۈمەتنىڭ نازارەتچىلىكىنى ھەرخىل سىياسىي ئىدىيۋى تەربىيە، قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسى قاتارلىقلارنى ئاكتىپ قوبۇل قىلىپ كەلگەن، جۇملىدىن يەنە يەرلىك پارتىيە تەشكىلىنىڭ يېتەكچىلىكى، ماسلاشتۇرۇشىغا بويسۇنۇپ، ياردىمىنى قوبۇل قىلىپ، نورمال دىنىي پائالىيەتكە كاپالەتلىك قىلىپ كەلگەن. مەسچىد باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ۋە ھەيئەتلىك بىلەن جامائەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە ئىجىل - ئىتتىپاق بولۇپ، سۈركۈلۈش، قوسۇرلىشىش، مەزھەب ماجىراسى قاتارلىق ئەھۋاللار كۆرۈلمىگەن.

2. مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە دىنىدىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرگە ئاڭلىق قارشى تۇرۇپ، قانۇن، بەلگىلىمە ۋە سىياسەتلەر يول قويغان دائىرىدە دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارغان.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى، لىۋداۋان كۆمۈر كېنى، ۋېيخۇلياڭ كۆمۈر كېنى قاتارلىق قوشنا رايونلاردا مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە دىنىدىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەر ئەۋج ئېلىپ كەتكەن ئەھۋالدا، باداۋان كۆمۈر كان مەسچىدى مەركەزلىك تەرتىپكە سېلىش خىزمەت ئەترىتى ۋە كان پارتىيە تەشكىلىگە پائال ھەمكارلىشىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە دىنىدىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرگە ئاڭلىق ھالدا قارشى تۇرۇپ، باشتىن - ئاخىر قانۇنلۇق ۋە ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولغان ھالدا نورمال دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ كەلگەن. 1997 - يىلى قۇربان ھېيت مەزگىلىدە قاغىلىقتىن ئىقىپ كەلگەن بىرەيلەن مەسچىدكە كىرىپ، ئۆزى ئېلىپ كەلگەن ئۈنئالغۇ بىلەن مىللىي بۆلگۈنچىلىك مەزمۇنىدىكى ئەكسىيەتچىل تەشۋىق ئۈن لېنتىسىنى قويماقچى بولغاندا، ئىمام ۋە جامائەت بىردەك قارشى تۇرغان ھەم بۇ ئۈنسۇرنى باغلاپ، ج خ ئورۇنلىرىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. كۆپ يىللاردىن بېرى، مەسچىددە، مەمۇرىيەت، ئەدلىيە، مائارىپ، نىكاھ، پىلانلىق تۇغۇت قاتارلىق سىياسىي، ئىجتىمائىي ئىشلارغا ئارىلىشىۋېلىشتەك ئەھۋاللار كۆرۈلمىگەن.

3. دىنىي پائالىيەتلەردە، ۋەتەننى ۋە ئۆز دىنىنى سۆيۈشتەك باش تېمىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ۋەزتەبلىغلەرگە ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشنى قوشۇپ تەشۋىق قىلىپ ھەرتۈرلۈك قانۇن، بەلگىلىمىگە ئائىت بىلىملەرنى سۆزلەپ، جامائەتنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزم ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئاڭلىقلىقىنى ئاشۇرۇش، جۇملىدىن دىنىي سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشتا پائال يېتەكلەش جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينىغان.

ئىككى يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشقان مەركەزلىك تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى داۋامىدا، مەسچىد باشقۇرۇش ھەيئىتى خىزمەت ئەترىتىگە ۋە كان پارتىيە تەشكىلىگە پائال ھەمكارلىشىپ، كەڭ ئاممە ۋە جامائەتكە مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە دىنىدىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرگە قارشى

تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەت-
لەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ھەققىدە
تەشۋىقات ئېلىپ بارغان. ئىمام ۋەز -
تەبلىغ ئېيتقاندا، دىنىي ئەقىدە ۋە دى-
نىي قائىدىلەردىكى ئاكتىپ مەزمۇنلارغا
بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ دىن ۋە
مىللەتلەر سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ،
جامائەتكە نېمىنىڭ قانۇنلۇق دىنىي پائا-
لىيەت، نېمىنىڭ قانۇنسىز دىنىي ھەرى-
كەت ئىكەنلىكىنى ئېنىق تونۇتقان،
ھەممە ئۇلارنى قانۇن - ئىنتىزامغا رى-
ئايە قىلىشقا، ۋەتەننى ۋە ئۆز دىنىنى
سۆيۈشكە پائال يېتەكلىگەن. ئۇنىڭدىن
سىرت، مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى
يەنە جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلە-
مە تۈزەش، زەھەر، سېرىق ئاپەت تازى-
لاش، قاتتىق زەربە بېرىش قاتارلىق
پائالىيەتلەرگە ھەمكارلىشىپ تەشۋىقات
ئېلىپ بېرىپ، جامائەتنىڭ ئۆز پەر-
زەنتلىرىنى توغرا يولغا تەربىيىلىشى-
نى، قانۇنغا خىلاپلىق قىلماسلىقىنى،
زەھەر ئىستېمال قىلماسلىقىنى، ھا-
راقكەشلىك قىلماسلىقىنى، تىرىشىپ
پەن - تېخنىكا ئۆگىنىپ، ئەستايىدىل
خىزمەت قىلىشنى تەلەپ قىلىپ، رايون-
نىڭ جەمئىيەت ئامانلىقى ئۈچۈن كۆپكە
پايدىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن.

4. پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد
ئەركىنلىكىگە دەخلە قىلماسلىق،
ئاياللارنى چۈمبەل تارتىشقا زورلىماس-
لىق ۋە ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ مەسچىت-
كە كىرىپ دىنىي پائالىيەتكە قاتنىشىشقا
يول قويماسلىق قاتارلىقلارغا ئەمەل
قىلغان.

مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى پۇق-
رالارنىڭ شەخسىي ئىستىكىگە ھۆرمەت
قىلىپ، ئۇلارنى دىنغا ئېتىقاد قى-
لىشقا قوزغاتمىغان ۋە زورلىمىغان،
دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاز سانلىق
مىللەت ئاممىنىمۇ چەتكە قاقمىغان.
نەچچە يىللار ئىلگىرى، كازىۋەندە بىر
خۇيزۇ پارتىيە ئەزاسى ئۆلۈپ كەتكەندە
يەرلىك مەسچىد ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈ-
رۈشنى رەت قىلىدۇ، باداۋان كۆمۈر-
كان مەسچىدى بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان-
دىن كېيىن، ئۇ مەسچىدنىڭ پارتىيە-
نىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىيا-
سىتىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىنى تەنقىد-
لەيدۇ ھەمدە مېيىتنىڭ نامىزىنى چۈ-
شۈرۈپ، يەرلىككە قويىدۇ.

5. دىنىي يوللار ئارقىلىق، كار-
خانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش
ئىشلىرى ئۈچۈن تەشەببۇسكارلىق بى-
لەن خىزمەت قىلىپ، ھەق تەلەپ ئىش-
لىرىغا دائىر زىددىيەتلەرنى ياراشتۇ-
رۇش ھەم مۇقىملىقنى قوغداش جەھەت-
لەردە كۆپلىگەن پايدىلىق خىزمەتلەرنى
ئىشلىگەن.

1998 - يىلى 2 - ئايدا، كۆمۈر-
كان يېڭىچە كان قېزىش تېخنىكىسىنى
سىناق قىلغان مەزگىلدە 15 كۈن ئىش
توختىتىدۇ، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن كان
بەلگىلىمە بويىچە، ئىشچىلارغا ئاساسىي
مائاشنىلا تارقىتىپ بېرىدۇ، خېلى كۆپ
ئىشچى - خىزمەتچىلەر كىرىمى تۆۋەن-
لەپ كېتىش سەۋەبىدىن ئەندىشىسىدە دا-
ۋالغۇش يۈز بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئى-
مام تەشەببۇسكارلىق بىلەن كانغا ياردەم-
لىشىپ، ئۆيمۇ ئۆي ئارىلاپ، ئىشچى-
خىزمەتچىلەرگە خىزمەت ئىشلەپ: «يې-
ڭى تېخنىكىنى قوللىنىپ، مەھسۇلات
سۈپىتى ۋە مىقدارىنى ئاشۇرغاندا، كار-
خانىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىمۇ ئاشى-
دۇ، كارخانىنىڭ ئەھۋالى ياخشى بولسا،

كۆپچىلىكنىڭ ھال كۈنى تېخىمۇ ياخشى
بولىدۇ ئەمەسمۇ» دەپ داۋلىي چۈشەن-
دۈرۈپ، ئۇلارنىڭ كەيپىياتىنى تۇراق-
لاشتۇرىدۇ. ئىمام يەنە پىنسىيىگە چىق-
قان پېشقەدەم ئىشچىلارنى باشلاپ،
ئىشلەپچىقىرىش نەق مەيدانىغا بېرىپ،
يېڭى تېخنىكىنى ۋاقتىدا ئىشقا سېلىش-
نىڭ ئامال چارىلىرىنى ئىزدەيدۇ.

1994 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ
كۈنى، كاندا گاز پارتىلاپ توققۇزەيلەن
قازا قىلىدۇ، بەزى قازا قىلغۇچىلارنىڭ
ئائىلە ـ تاۋاباتلىرى سىياسەت دائىرى-
سىدىن ھالقىغان يولسىز تەلەپلەرنى
قويېۋېلىپ، ھادىسىنى مۇۋاپىق ھەل
قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا
ئىمام ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆيمۇ ئۆي
كىرىپ خىزمەت ئىشلەپ، «پارتىيە ۋە
ھۆكۈمەتكە ئىشىنىڭلار، بۇ ئىشنى كې-
نىمىز چوقۇم دۆلەتنىڭ سىياسىتى بو-
يىچە ئوبدان بىر تەرەپ قىلىدۇ، سىلەر
ئارتۇق تەلەپ قويېۋالساڭلار، دۆلەتنىڭ
سىياسىتىگە شۇنداقلا دىنىي ئەھكام،
قائىدىلەرگىمۇ مۇناسىپ كەلمەيدىغان
ئىش قىلغان بولۇپ قالىسىلەر» دەپ
تەربىيە ـ نەسىھەت قىلىپ ئۇلارنىڭ
ئىدىيىسىدىن ئۆتكۈزىدۇ. شۇنىڭ بى-
لەن 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ھەممە
مېيىت ئوڭۇشلۇق يەرگە قويۇلىدۇ
ھەمدە ھادىسىمۇ مۇۋاپىق بىر تەرەپ قى-
لىنىپ، كاننىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ئەس-
لىگە كېلىپ، دۆلەت زور زىياندىن
ساقلاپ قېلىنىدۇ. قوشنا ئورۇن بول-
غان ھەربىي رايون ئارقىسا سەپ ئىشلەپ-
چىقىرىش بازىسى كۆمۈر كېنىدا ئۆ-
لۈم- يېتىم ھادىسى بولغاندىمۇ، ئىمام-
نى ئوتتۇرىغا چىقىپ نەسىھەت قىلىش
ۋە ياراشتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ.

6. ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلى-
رىغا پائال قاتنىشىپ، مەنىۋى مەدە-
نىيلىك قۇرۇلۇشى ۋە مىللەتلەر ئىتتى-
پاقلىقى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوش-
قان.

مەسچىد باشقۇرۇش ھەيئىتى ئار-
مىيىنى ھىمايە قىلىپ ئائىلە ـ تاۋابات-
لىرىغا ئېتىبار بېرىش، ئارمىيە خەلق
ئورتاق مەدەنىيلىك ئورۇن بەرپا قىلىش
پائالىيىتىگە پائال ھەمكارلىشىپ كەل-
گەن، 1982 ـ يىلدىن بېرى كۆپ قې-
تىم ئىئانە توپلاپ كان رايونىدىكى ھەر-
بىي ئائىلە ـ تاۋابارلىرىدىن ھال سورى-
غان. مەسچىد يەنە ئىئانە توپلاپ مائارىپ-
قا ياردەم قىلىش ئىشىغا ئاكتىپ ئاۋاز
قوشۇپ، ھەريىلى 32 ـ ئوتتۇرا مەك-
تەپتىكى نامرات ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم
قىلىپ تۇرغان، كان رايونىدىكى ئىككى
ئائىلىلىك ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى-
سىنىڭ بالىلىرىنىڭ ئوقۇش راسخودى-
نى ئۇزۇن يىل كۆتۈرۈپ كەلگەن.
كان ئىشچىسىنىڭ تاۋاباتى خۇفېڭلىيەن-
نىڭ بالىسى ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپ ئو-
قۇش راسخودىنى تۆلىيەلمىگەندە، مەس-
چىد باشقۇرۇش ھەيئىتى تەشەببۇسكار-
لىق بىلەن 780 يۈەن پۇل ئىئانە قىل-
غان. قازا قىلىپ كەتكەن بىر كان
ئىشچىنىڭ بالىسى كېسەلگە گىرىپتار
بولۇپ، داۋالىتىشقا پۇل تاپالمىغاندا،
مەسچىد 2800 يۈەن ئىئانە بەرگەن.

باداۋان كۆمۈركان مەسچىدى سوت-
سىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىش
جەھەتتە پائال تۆھپىلەرنى قوشقان.

پەرھات ھەسەن تەرجىمىسى
مەسئۇل مۇھەررىر:
ئەركىن ئىمىنىياز

جاڭ يۈەنچىڭ

# خەلقنىڭ سادىق چاكىرى

## نامراتلارنى يۆلەشنىڭ تۆھپىكارى

### جېڭ يەنفۇنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرى ھەققىدە

جېڭ يەنفۇ، ئەر، خەنزۇ، 60
ياش، كومپارتىيە ئەزاسى، شىنجاڭ
ئورمانچىلىق نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازا-
رەت دەرىجىلىك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىل-
غۇچىسى، ئالىي ئىنژېنېر. 1998 - يى-
لى2 - ئايدا ش ئۇ ئا ر غا بىۋاستە
قاراشلىق ئورگانلار خىزمەت كومىتېتى
تەرىپىدىن «ئون مۇنەۋۋەر چاكار» دېگەن
نام بېرىلگەن.
1. كىشى ھايات بولىدىكەن،
خەلقنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن كۆرەش قى-
لىشى كېرەك.
يولداش جېڭ يەنفۇنىڭ 40 يىلنى
بىر كۈندەك ئۆن - تىنسىز تۆھپە يارى-
تىپ ئۆتكەن ھايات مۇساپىسىغا قارايدى-
غان بولساق، ئۇنىڭ شانلىق نەتىجىلى-
رىنى ۋە كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان
ئىش - ئىزلىرىنى كۆرەلەيمىز. ئۇنىڭ
ئىش - ئىزلىرى، يېڭى دەۋردىكى پار-
تىيە - ھۆكۈمەت كادىرلىرى قانداق
قىلغاندا ئۈلگە بولالايدۇ، قانداق قىلىپ
توغرا كىشىلىك قاراش، دۇنيا قارى-
شى، قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزالادى-
دۇ، قانداق قىلغاندا ئۆز خىزمەت ھۆد-
دىسىدىن تولۇق چىققىلى، خەلقنىڭ ئا-
داققى چاكىرى بولالايدۇ، كىشى قانداق
ياشىغاندا ھاياتلىقنىڭ قەدرى بولىدۇ
دېگەنلەرگە جاۋاب تاپالايمىز، ئۇنىڭ ئۆز
ئاغزى بىلەن بەرگەن تۆۋەندىكى جاۋابى
تېخىمۇ مۇكەممەل جاۋاب بولالىشى
مۇمكىن: «چەكلىك ھاياتنى خەلق ئۈ-
چۈن خىزمەت قىلىشتەك چەكسىز ئىشقا
ئاتىغاندا، كىشى ھاياتىنىڭ ئاندىن قىم-
مىتى بولىدۇ. ئىسسىق - سوغۇقتا،
شاتلىق - قايغۇدا ئاۋام بىلەن بىرگە
بولغاندا، پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن بىجاي-
دىل ئىشلەپ، ئاۋامنى رازى قىلغاندا
ئاندىن لايەقەتلىك خەلق چاكىرى بولغان
بولىدۇ». كىشىلەرنىڭ جېڭ يەنفۇنى
ھۆرمەتلىشى ۋە ھىمايە قىلىشىدىكى
سەۋەب، ئۇنىڭدا بىر خىل ئۇلۇغۋار
روھ، گۈزەل كەسپىي ئىستەك ۋە جەنۇ-
بىي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىغە
بولغان سەمىمىي، شەخسىيەتسىز مۇھەب-
بەتكە تولغان قەلبىنىڭ بولغانلىقىدا.
جېڭ يەنفۇ ۋە باشقا يولداشلارنىڭ
ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، پۈت-
كۈل شىنجاڭ بويىچە 80 مىڭ مودىن
ئارتۇق يەردە ئېسىل سورتلۇق ياڭاق
كېڭەيتىلىپ يېتىشتۈرۈلدى. بۇنىڭ
ئىچىدە «يېڭى ھوسۇل» سورتىنىڭ خو-
تەن ناھىيىسىدىكى كۆلىمى 30 مىڭ
مودىن ئارتۇق بولۇپ، يىللىق مەھسۇ-
لات قىممىتى 3 مىليون 200 مىڭ
يۈەندىن ئېشىپ بارغان. جېڭ يەنفۇ
«يېڭى ھوسۇل»، «يېڭى نۇر» قاتار-
لىق 11 خىل ئېسىل سورتنى سىناق
قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولسى-
مۇ، بىرەر تۈردە ئۆزىگە پاتېنت تەلەپ
قىلمىغان. ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى

دېھقان قېرىنداشلارغا ئۆز بىلىمى ۋە
كەسپىي تېخنىكىسىنى خالىس ئۆگى-
تىپ، ئۇلارغا «تىللا تۆكۈلىدىغان دە-
رەخ» تېپىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ نامرات-
لىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش يولىغا مېڭى-
شىغا قان - تەر سىڭدۈرگەن بولسىمۇ،
بىر تىيىن ھەق - تەلەپ قىلمىغان. ئۇ
پەقەتلا بەرگەنكى، ئېلىپ باقمىغان،
تۆھپە ياراتقانلىكى، ھەق تەلەپ قىلىپ
باقمىغان. بۇ نەقەدەر ئۇلۇغۋار روھ -
ھە، بۇ دەل ئۇنىڭ بىز ئۆگىنىشكە تې-
گىشلىك تەرىپى، ئەلبەتتە.

جېڭ يەنفۇ ئادەتتىكى بىر ئورگان
كادىرى، دۆلەت خىزمەتچىسى، زىيالىي
بولسىمۇ، نەچچە ئون يىللاردىن بېرى
يىلىنىڭ 200 نەچچە كۈنىنى ئورمانچى-
لىق ئىقتىساد قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدىنقى
سېپىدە ئىشلەپ، بار كۈچى بىلەن جە-
نۇبىي شىنجاڭ دېھقانلىرى ئۈچۈن ياخ-
شى ئىش، ئەمەلىي ئىش قىلىپ بەر-
گەن. ئۇ ياڭاقنىڭ سورتىنى ياخشى-
لاپ، مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇپ دېھقانلار-
نىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، بېيىش يو-
لىغا مېڭىشى ئۈچۈن ياخشى بىر يول
ئېچىپ بەرگەن. بۇ ئىشلارنى قىلىش
مۇتلەق كۆپ قىسىم ئورگان كادىرلى-
رى، دۆلەت خىزمەتچىلىرىنىڭ قولى-
دىن كېلىشى مۇمكىن، ئەمما ئەمەلى-
يەتتە كۆرسەتمىكى تەسكە توختايدۇ.
مانا بۇ دەل جېڭ يەنفۇنىڭ ئۆلگىلىك
تەرىپى.

2. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى-
دىكى ئامما بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىر-
داش، قەلبداش بولۇپ، ئۇلارنىڭ بال-
دۇرراق نامراتلىقتىن قۇتۇلىشى ئۈچۈن
خالىس تۆھپە قوشۇش. يولداش جېڭ
يەنفۇ ياڭاق ئارقىلىق ھەر مىللەت
خەلقى بىلەن رىشتە باغلاپ، جەنۇبىي
شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر خەلق ئاممىسى بى-
لەن بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئىناق -
ئىجىل ئۆتكەن. ئۇ ئاساسىي قاتلامدا
ئىشلەش داۋامىدا ئۇيغۇر خەلق ئامما-
سىغا تېخنىكىلىق بىلىملەرنى ئۆگە-
تىشكە قولاي بولسۇن ئۈچۈن، ئۇيغۇر
تىلى ۋە ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئۆگەنگەن.
خەلق ئاممىسى بىلەن قايغۇ ھەم شاتلىق-
تا بىرگە بولغان. تۈرلۈك مۈشكۈللەر-
نى يېڭىپ ياڭاقچىلىق ئىشلىرىنى تە-
رەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن قان - تەر
سىڭدۈرگەن، ئېسىل سورتلارنىڭ كې-
ڭەيتىلىشىگە ئەگىشىپ، جەنۇبىي شىن-
جاڭدىكى ياڭاقچىلىقتا تايىنىدىغان دېھ-
قانلار بېيىشقا باشلىدى، بۇنىڭدا جېڭ
يەنفۇنىڭ تۆھپىسى زور، ئەلبەتتە.
خەلق ئىچىدە «ياڭاق دەرىخى 10 ياش-
تىن ئاشمىغۇچە مېۋە بەرمەيدۇ» دەيدى-
غان گەپ تارىختىن بۇيان ئېيتىلىپ
كەلگەن. جېڭ يەنفۇ ھەمراھلىرىنىڭ
ياردىمىدە بۇ ئەھۋالغا خاتىمە بېرىپ،
ياڭاق دەرىخىنىڭ مېۋە بېرىش ۋاقتىنى
5 ~ 8 يىلغىچە قىسقارتقان. ھەتتا
بەزى ياڭاق دەرەخلىرىنى شۇ يىلى ئۇ-
لاپ، شۇ يىلى مېۋە ئالغان. ھەربىر
تۈپ دەرەخنىڭ مەھسۇلات مىقدارىنى
ئىلگىرىكى 2.5 كىلوگرامدىن، 25
كىلوگرامغا، ئەڭ يۇقىرى تۈپ مەھ-
سۇلات مىقدارىنى 40 كىلوگرامغا يەت-
كۈزگەن. ھەمدە مو بېشى مەھسۇلاتىنى
1000 يۈەندىن ئاشۇرۇش نىشانىنى ئە-
مەلگە ئاشۇرۇپ مۆجىزە ياراتقان. ئۇ
ياراتقان غايەت زور ئىقتىسادىي ۋە ئىج-
تىمائىي ئۈنۈمنى ھېسابلاپ چىقىش
تەس. جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇر خەلقىگە
مول ھوسۇل شاتلىقى ئېلىپ كەلگەن

بۇ تۆھپىكارنى خەلق ئاممىسى سەممىي-
لىك بىلەن «ياخشى كادىرى» دەپ تە-
رىپلىشىدۇ.

يولداش جېڭ يەنفۇ مەركەزنىڭ
(1996) 7 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ
روھى ۋە پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىيا-
سىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ،
ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتى-
پاقلىقىنى قوغداشتا چىڭ تۇرۇپ كەل-
گەن. ئۇزۇن يىللىق خىزمەت ۋە تۇر-
مۇش داۋامىدا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى
ھەر مىللەت ئاممىسى بىلەن قېرىنداش-
لارچە مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، باراۋەر،
ئىتتىپاق، ئىناق، ھەمكار بولغان يې-
ڭىچە مىللىي مۇناسىۋەتنى تولۇق ناما-
يەن قىلىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقى-
لىق پارتىيىمىزنىڭ جان ـ دىل بىلەن
ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ئۈچۈن
خىزمەت قىلىش قىبلىنامىسى ۋە «ئۈچ
ئايرىلالماسلىق» مىللەت قارىشىنى ئۆز
ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىپ، ھەممىنەپەس،
تەقدىرداش، قەلبىداش داستانى يېزىپ
چىققان. جىمسار ئورمانچىلىق مەيدانى-
دىن پىنسىيىگە چىققان 75 ياشلىق
خۇيزۇ ئىشچى جېڭ يەنفۇنىڭ ئىش
ئىزلىرى ھەققىدىكى دوكلاتنى كۆزلى-
رىدىن ياش ئاققۇزغان ھالدا ئاڭلاپ
بولغاندىن كېيىن، جېڭ يەنفۇنىڭ قو-
لىنى سىقىپ تۇرۇپ: «سىز پېشقەدەم
بىر ئەۋلاد ئورمانچىلىق خىزمەتچىلىرى-
نىڭ روھىغا ۋەكىللىك قىلىپ، شۇنچە
كۆپ ئىشلارنى قىپسىز، جاپا چەكتى-
ڭىز» دەيدۇ؛ قۇتۇبىي ئورمانچىلىق
مەيدانىنىڭ ئۇيغۇر ئايال ئىشچىسى
گۈلخان ھاياجانلانغان ھالدا، جېڭ يەن-
فۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ:
«جېڭ تاغا، سىز جەنۇبىي شىنجاڭدىكى
ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى نامراتلىقتىن قۇ-
تۇلدۇرۇپ، بېيىتىش ئۈچۈن، ناھايى-
تى كۆپ ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىش
قىلىپ، جاپانى يەتكۈدەك تارتىپسىز،
ھارمىغايسىز، سىز بىزنىڭ ئۆگىنىش
ئۈلگىمىز، مەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى
كەڭ ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا ۋاكالىتەن
سىزگە رەھمەت ئېيتىمەن!» دەيدۇ.
ھەر مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى-
نىڭ سەممىي ـ ساددا سۆزلىرىدىن،
ئۇلارنىڭ خەلقنىڭ چاكىرىغا بولغان
ھۆرمەت ھېسسىياتىنى كۆرىۋالالايمىز.

شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك رايون،
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ،
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق گۈللىنى-
شىنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەربىر پارتى-
يىلىك كادىرنىڭ باش تارتىپ بولمايدى-
غان مەسئۇلىيىتى. ئۇزۇن يىللىق
خىزمەت داۋامىدا، جېڭ يەنفۇ ياڭاق ئۆ-
لاقچىلىق تېخنىكىسىنى نامراتلىقتىن
قۇتۇلۇش ئىرادىسى قەتئىي بولغان دېھ-
قانلارغا كۇرس ئېچىپ ئۆگەتكەن. ئۇ-
نىڭ ۋە ھەمراھلىرىنىڭ تەربىيىلىشى
بىلەن 40 نەچچە نەپەر تايانچ تېخنىك
يېتىشىپ چىققان، بۇ تايانچىلار ئۆگەن-
گەنلىرىنى باشقىلارغا ئۆگەتكەن، تېخ-
نىكىنى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭچە كېڭەيت-
كەن. نۆۋەتتە پەقەت خوتەن ۋىلايىتىدىلا
320 نەپەر ياڭاق ئۇلاقچىلىق ماھىرى
بولۇپ، ئۇلار يېڭى تېخنىكىدىن پايدى-
لىنىپ مىۋە بەرمەيدىغان ۋە مىۋىسى ئاز
ياڭاق دەرەخلىرىنى ئۆزگەرتىپ، دەرەخ
شاخلىرىنى سانجاق ـ سانجاق مىۋىگە
تولدۇرىۋەتكىنىدە، جېڭ يەنفۇنى ھۆر-
مەت بىلەن ياد ئېتىشىپ «ياڭاق كادىرى
ناھايىتى ياخشى» دېيىشىدۇ. جېڭ يەن-
فۇ سىڭدۈرگەن ئەجرىگە مۇناسىپ

ھالدا شاگىرتلىرىنىڭمۇ خىزمەت ۋە
تۇرمۇش جەھەتتىكى غەمخورلۇقىغا ئې-
رىشىدۇ. 1989 - يىلى ياز بېشىدا،
خوتەن ناھىيىسىنىڭ لايقا، بۇزاق يېزى-
لىرىدا ياخاقلىقتا ئۆزگەرتىش ئېلىپ
بېرىۋاتقاندا، جېڭ يەنفۇ پەسىل پەيتىنى
ئۆتكۈزۈپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ شۇنچە
ئىسسىق ھاۋادا ئالدىراشلىقتىن ئاچ قو-
ساق ئىشلەپ ئاغرىپ قالىدۇ. كۆزلى-
رى سارغىيىپ، ئىسسىقى ئېشىپ،
ئاغرىقنىڭ دەستىدىن دەرەخ ئاستىدا
ئۇيان - بۇيانغا تولغىنىپ دۈمۈلايتتى،
جىگىرى يىلدىن - يىلغا ئاغرىيتتى. ئۇ-
لار بۇنىڭدىن ناھايىتى جىددىيلىشىپ
كېتىپ، قىلىدىغان ئىش تاپالماي قالى-
دۇ، ھېلى دورا، ھېلى نان، قېتىق،
ھېلى كېگىز ئېلىپ كېلىپ دەرەخ سا-
يىسىغا سېلىپ ئۇنى ئارام ئېلىشقا ئۈن-
دەيدۇ. جېڭ يەنفۇنىڭ ئەھۋالى سەل
ياخشىلىنىپلا سايمانلىرىنى ئېلىپ يەنە
ئىشلىمەكچى بولغىنىدا، بىرنەچچە دېھ-
قان شاگىرتى قەتئىي ئۇنىماي تۇرىۋالى-
دۇ، ھەم سىز قىلىپ بولالمىغاننى بىز
قىلايلى، ياخشى قىلىشقا كاپالەتلىك
قىلىمىز، خاتىرجەم بولۇڭ دېيىشىدۇ.
بۇ روزا مەزگىلى بولۇپ، ئۇلار روزى
تۇتىۋالغاچقا، ئاچ قوساق، ئۇسسىز بو-
لۇپ، ئەھۋالىمۇ جېڭ يەنفۇدىن ھېچ
پەرقلەنمەيتتى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى
ھېسسىيات نېمە دېگەن سەمىمىي ساددا
ھېسسىيات ھە. بۇ خىل ئىشلار تېخى
كۆپ، جېڭ يەنفۇنىڭ ئۇيغۇر قېرىن-
داشلار بىلەن بولغان دوستلۇقى مانا
شۇنداق ئادەتتىكى خىزمەت ۋە تۇرمۇش
جەريانىدا، كۈنسېرى، بىر - بىرلەپ-
مۇجەسسەملىشىپ بارغان. بۇ خىل
دوستلۇق مۇستەھكەم، مەڭگۈلۈك

بولۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللى-
رى دېھقان قېرىنداشلارنىڭ ياخاقلىقلى-
رىدا مەڭگۈ ئېچىلغۇسى!

3. خەلقنىڭ چاكىرىلىق رولىنى
جارى قىلدۇرۇپ، يېڭى نەتىجىلەرنى
قولغا كەلتۈرۈش

يولداش جېڭ يەنفۇ نەتىجە ۋە
شان- شۆھرەت ئالدىدا مەغدۇرلانماي،
تىرىشىپ ئۆگىنىپ، سىياسىي نەزەرىيە-
ۋىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، پارتىيە-
ۋىلىكنى مۇستەھكەملىگەن. پارتىيە
مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبىرى كا-
دىرلار «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» نىڭ
باشلامچىلىرى بولۇشى كېرەك دېگەن
تەلىپىگە ئاساسەن، «ئۈچكە ئەھمىيەت
بېرىش» تەربىيىسىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا
باشتىن ئاخىر ئەستايىدىل قاتنىشىپ،
ئۆز - ئۆزىنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ،
كەمچىلىكلىرىنى ئىزدەپ، سەمىمىي،
ئېھتىياتچان بولۇپ، ئۆزىگە قاتتىق تە-
لەپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ «پەقەت خەلقنى
رازى قىلالىغاندا ئاندىن لاياقەتلىك
خەلق چاكىرى بولغان بولىدۇ» دېگەن
ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ، ئاساسىي قات-
لام ئۈچۈن ياخشى ئىش، ئەمەلىي ئىش
قىلىش يوللىرى ئۈستىدە پائال ئىزدەن-
گەن.

ئۇ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكى-
لىي ۋە كەڭ كادىر، ئىشچى - خىزمەت-
چىلەرنىڭ ئۆزىدىن كۈتكەن سەمىمىي
ئۈمىدى ۋە ئۆزىگە قويغان تەلىپىنى يەر-
دە قويماي، ئاممىنىڭ دەردىگە دەرمان،
غېمىگە غەمخان بولۇپ، ھەرخىل شە-
كىللەر ئارقىلىق ئاساسىي قاتلامنىڭ
ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، جەنۇبىي شىنجاڭ-
دىكى نامرات رايونلار ئۈچۈن ئامال،
چارە ئويلاپ، ياخاقچىلىقنى تەرەققىي

قىلدۇرۇش لايىھىسىنى تۈزۈش، يېڭى ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىقلارغا ياردەم بەرگەن.

1999 - يىلى 3 -، 4 - ئايلار مەزگىلىدە، ئۇ ئايالى ۋە بالىسىنىڭ ئاغرىق بولۇشىغا، ئۆزىنىڭ قان بېسىم ۋە باشقا كېسەللىرىگە قارىماي، ئائىلە قىيىنچىلىقلىرىنى يېڭىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3 ۋىلايەتكە بېرىپ ئەتىيازلىق ياڭاق ئىشلەپچىقىرىش خىزمەت ۋەزىپىسىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئاتلاندۇ. ئۇ بىر ياردەمچىسى بىلەن كىرىيە، چىرىيە، لوپ، خوتەن، قاراقاش، گۇما، قاغىلىق قاتارلىق ياڭاق ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئون نەچچە ئاساسلىق ناھىيىلەرگە بارىدۇ، بۇ جەرياندا 8000 كىلومېتىردەك يول يۈرىدۇ. 40 نەچچە كۈن جەريانىدا، دېھقان قېرىنداشلار ئارىسىدا ئىلمىي ئۇسۇلدا ياڭاق ئۆستۈرۈش ۋە ئېسىل سورتلارنى يېتىشتۈرۈش ھەققىدىكى بىلىملەرنى تارقىتىدۇ، يەنە 13 مەيدان نەق مەيداندا تېخنىكا ئۆگىتىش كۇرسى ئېچىپ، 400 دىن ئارتۇق ئادەمنى تەربىيىلەيدۇ. ئۇ ئىلمىي ئۇسۇلدا ئورمانچىلىق ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش، پەن- تېخنىكىغا تايىنىشنى تەكىتلەپ، ئىدىيالىزم، خۇراپىيلىققا قارشى تۇرۇپ كەلگەن، «فالۇڭ گۇڭپىسى» ۋە لى خۇڭجىنىڭ بىدئەت تەلىماتلىرىغا قارشى سىياسىي كۆرەشتە، مەيدانى مۇستەھكەم، بايرىقى روشەن بولۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «فالۇڭ گۇڭپىسى» ۋە باشقا قانۇنسىز تەشكىلاتلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشتەك ئاقىلانە قارارىنى ھىمايە قىلىدۇ.

ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ خىزمەت قىلغاندا، ئۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا ھېرىپ - چارچىغىنىغا قارىماي، ئېتىزدا باش چۆكۈرۈپ ئىشلەپ، دېھقان قېرىنداشلار بىلەن ئوخشاش ئىشلەپ، ھېرىپ - چارچاشتىن قورقماي، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، خىزمەت ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇندىدى.

يولداش جېڭ يەنفۇ ئورگاننىڭ ئەمگەكلىرىگىمۇ ئاكتىپ قاتنىشىپ كەلگەن، ئۇ بىر مەزگىل ئورگاننىڭ چوڭ زالى ۋە ھويلىسىدىكى ھاجەتخانىسىنى تازىلىغان، مەرتىۋىسى ئۆسكەن، شۆھرىتى ئاشقان بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزىنى ئادەتتىكى بىر ئورگان كادىرى دەپ قاراپ، ئىمتىياز تەلەپ قىلماي، چوڭچىلىق قىلماي، جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىش، ئاددىي - ساددا، ئىقتىسادچىل بولۇش، ئەمەلىي ئىش قىلىشتەك ئېسىل ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئورگان خىزمەت كومىتېتى سايلاپ چىققان «ئون مۇنەۋۋەر خەلق چاكىرى» نىڭ تىپىك ۋەكىلىگە ئايلانغان.

ئورمانچىلىق نازارىتىدىكى يولداشلار ئىپادە بىلدۈرۈپ، يولداش جېڭ يەنفۇنىڭ تۆھپىكارلىق روھى يەنى ئۇنىڭ ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن جاپا مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان، خۇددى شامدەك ئۆزىنى خورىتىش ھېسابىغا باشقىلارغا نۇر ئېلىپ كېلىدىغان، ئالىجاناپ چاكارلىق روھىدىن ئۆگىنىپ، ئۆز كەسپىنى سۆيۈپ، ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ، ئورمانچىلىق ئىشلىرى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇدىغانلىق ھەققىدە ئىرادە بىلدۈرۈشتى.

جېڭ يەنفۇ نەچچە ئون يىلنى بىر

(داۋامى 28 - بەتتە)

# ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرەيلى

ماكوڭيۇ، چېچىكى

تىرىشىپ زور بىر تۈركۈم ئىقتىساسلىق ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار قوشۇنىنى بەرپا قىلىش، ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ مۇھىم ھالقىسى، پارتىيىنىڭ كادىرلار خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا بېسىش، ئورتاق گۈللىنىشىدىكى تەشكىلىي ئاساس. يېڭى جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇشى ۋە شىنجاڭ ئازاد بولغانىنىڭ مابەينىدە، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيىنىڭ كادىرلار سىياسىتى ۋە مىللەتلەر سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئىدىيىۋى لۇشىيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، كۆپ خىل تەدبىر قوللىنىپ، زور بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

**I ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى**

1) ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ زورايدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى كۆپ خىل دىنلىق ۋە كۆپ مىللەتلىك رايون. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدا 47 مىللەت تەركىبى بار. ئاساسلىق مىللەتلەردىن ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، موڭغۇل، قىرغىز، شىبە، ئۆزبېك، تاتار، مانجۇ، تاجىك، رۇس، داغۇر قاتارلىق 13 مىللەت بار. 1998- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نوپۇسى 17 مىليون 400 مىڭ بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 61.42% نى ئىگىلەيدۇ.

1949 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، شىنجاڭدا ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىدىن 3000 كىشى بار ئىدى؛ 1955-يىلى ش ئۇ ئا ر قۇرۇلغاندا، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى تەرەققىي قىلىپ 46 مىڭ كىشىدىن ئاشتى؛ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ زورىيىشى تېخىمۇ تېز بولدى، ش ئۇ ئا ر دىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 32 مىڭ 100 كىشىگە يېتىپ، كا-

دىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 49.94%
ئىگىلىدى. بۇ ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى
مەزگىللىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت كا-
دىرلار ئومۇمىي سانىدىن 107 ھەسسە
ئېشىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئىقتى-
ساد، پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت، ما-
ئارىپ، سەھىيە قاتارلىق تۈرلۈك ساھە-
لەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان
ئاز مىللەت ئىقتىساسلىقلار قوشۇنىنى
بەرپا قىلدى.

2) زور بىر تۈركۈم ئاز سانلىق
مىللەت كادىرلىرى قوشۇنى ھەر دەرى-
جىلىك رەھبەرلىك ئورۇنلىرىدا ئول-
تۇردى.

ش ئۇ ئا ر دىكى 5 ئاپتونوم ئوب-
لاست، 6 ئاپتونوم ناھىيە، 42 مىللىي
يېزىدىكى ئوبلاست باشلىقى، ھاكىم،
يېزا باشلىقى ۋەزىپىسىدىكىلەرنىڭ
ھەممىسىدە مىللىي رايون ئاپتونومىيە
ھوقۇقىدىكى مىللىي كادىرلار ئۈستىگە
ئېلىش يولغا قويۇلدى، پۈتۈن ئاپتونوم
رايوندىكى ۋىلايەت، شەھەر مەمۇرىيەت-
تىكى بىرىنچى قول ۋەزىپىدىكىلەرنىڭ
مەسئۇلى قاراماي شەھىرىدىن باشقا،
رايونىمىزدىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى
يولغا قويغۇچى مىللەت ئۈستىگە ئال-
غان؛ 96 ناھىيە (شەھەر، رايون)
نىڭ ھاكىملىرى ئىچىدە 81 نەپىرى ئاز
سانلىق مىللەت كادىرى بولۇپ، ئاز
سانلىق مىللەتكادىرلىرىنىڭ 84.38%
ئىگىلەيدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى
ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت،
سودا ـ سانائەت، ئاممىۋى تەشكىلات،
كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى رەھ-
بەرلىك كوللېكتىپى ئىچىدە، ئاز سان-
لىق مىللەت رەھبىرىي كادىرلىرىمۇ
خېلى كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ.

پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئىچى-
دە، نازارەت ـ ئىدارە دەرىجىلىك ئاز
سانلىق مىللەت كادىرلىرىدىن 240 ى،
ناھىيە ـ باشقارما دەرىجىلىك ئاز سان-
لىق مىللەت كادىرلىرىدىن 3700 ى،
يېزا (بازار) ـ بۆلۈم دەرىجىلىك ئاز
سانلىق مىللەت كادىرلىرى 21 مىڭ
300 نەپەرگە يەتتى، شۇنداقلا ھەرقاي-
سى ئاز سانلىق مىللەتلەر دۆلەتنىڭ
چوڭ ئىشلىرىنى ۋە يەرلىك ئىشلارنى
باشقۇرۇش ھوقۇقى تەشكىلىي جەھەت-
تىن كاپالەتكە ئىگە بولدى.

3) ئاز سانلىق مىللەت كادىرلى-
رى قوشۇنىدا خۇشاللىنارلىق ئۆزگى-
رىشلەر بارلىققا كەلدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە ئاز سانلىق
مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىدا كوممۇ-
نىست كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ
29.41% نى ئىگىلەيدۇ؛ ئايال كادىرلار
43.16% نى ئىگىلەيدۇ؛ 35 ياشتىن
تۆۋەن كادىرلار 61.09% نى، ئالىي
تېخنىكوم سەۋىيىسىدىكى كادىرلار
39.94% نى ئىگىلەيدۇ، ئاز سانلىق
مىللەت كادىرلىرى كارخانا، كەسپىي
ئورۇنلاردا كەسپىي تېخنىكا خىزمىتى
بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 229 مىڭ
كىشىگە يېتىپ، ش ئۇ ئا ر دىكى ئاز
سانلىق مىللەت كادىلىرى ئومۇمىي سا-
نىنىڭ 71.3% ئىگىلىدى. ئاپتونوم را-
يونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت كەس-
پىي تېخنىكا خادىملار ئومۇمىي سانى-
نىڭ 51.76% نى ئىگىلىدى. 50 يىل-
دىن بۇيان، ئاز سانلىق مىللەت كەس-
پىي تېخنىكا خادىملىرى كۆپىيىپ
3.454 ھەسسە ئاشتى، بولۇپمۇ 1978-
يىلدىن 1998-يىلغىچە بولغان 20 يىل
ئىچىدە 180 مىڭ كىشى كۆپەيدى.

ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق مىللەتلەر ئىد-
چىدىن. مەزكۇر مىللەت تارىخىدىكى
تۇنجى ئەۋلاد ماگىستىر، دوكتۇر ۋە ئا-
لىي دەرىجىلىك مۇتەخەسسىسلەر يېتى-
شىپ چىقتى. قۇرۇلۇش، يېزا ئىگى-
لىك، پەن تەتقىقات، سەھىيە تېخنىكا،
مائارىپ، ئاخپارات، نەشرىيات قاتار-
لىق 17 كەسىپنىڭ ھەممىسىدە ئاز سان-
لىق مىللەت كەسپىي تېخنىكا خادىمىلى-
رى بار. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلى-
رى سىياسىي جەھەتتە بارغانچە پىشى-
لىپ، تېخنىكا جەھەتتە ئىنتايىن چوڭ
ئىلگىرىلەش قىلدى، مەدەنىيەت سەۋى-
يىسىمۇ كۆرۈنەرلىك ئۆستى. ياش قۇ-
رۇلمىسىدا ياشلىشىپ باردى.

**I ئاز سانلىق مىللەت كادىر-
لىرى شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات ئېچى-
ۋېتىش، ئىقتىسادنى تەرەققىي
قىلدۇرۇش، ئىجتىمائىي جەھەت-
لەردە مۇھىم تۆھپە قوشتى**

ئازادلىقتىن كېيىن، پارتىيە رەھ-
بەرلىكىدە، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق
مىللەت كادىرلىرى ئوخشاش بولمىغان
تارىخىي دەۋرلەردە ئوخشاش بولمىغان
دەرىجىدە زور تۆھپىلەرنى قوشتى.

50 يىل مابەينىدە، ئاز سانلىق
مىللەت كادىرلىرى ھەر مىللەت خەلقى-
نىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، با-
راۋەرلىك سالاھىيىتى بىلەن ئاپتونوم
رايوننىڭ يەرلىك ئىشلىرىنى باشقۇ-
رۇشقا، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاش-
تۇرۇش قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىپ، ئاك-
تىپ رول ئوينىدى.

ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى
پارتىيىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى لۇ-
شيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىدە،
دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تۈرلۈك
قانۇن - قائىدە نىزاملىرىدا چىڭ تۇ-
رۇپ، خەنزۇ كادىرلارنىڭ يېتەكلىشى
بىلەن، ھەر مىللەت ئاممىسى رايونى-
مىزنى تىنچ ئازاد قىلىپ، ئەكسىيەتچى
باندىتلارنى يوقىتىپ، زومىگەرلەرگە
قارشى تۇرۇپ، ئىجارە ھەققىنى كېمەي-
تىشنى ئورۇنداپ، مۇستەھكەم خەلق
دېموكراتىيە دىكتاتۇرلىقىنى قۇردى.
ھەر مىللەت خەلقى ۋەتەننىڭ بىرلىكى-
نى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بىر-
لىكتە قوغداپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە
قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ ئىززەت -
ئابرويىنى قوغداپ، سىرتتىن كەلگەن
كۈچلەرنىڭ ئارىلىشىشىغا ۋە ئاغدۇرمى-
چىلىققا قارشى تۇرۇپ، ئاپتونوم رايو-
نىمىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى
سۈرۈپ، سوتسىيالىستىك مىللەتلەر-
نىڭ مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇردى
ۋە مۇستەھكەملىدى. ئاز سانلىق مىل-
لەت كادىرلىرى بىلەن خەنزۇ كادىرلار
بىرلىكتە ھەر مىللەت ئاممىسىغا يېتەك-
چىلىك قىلىپ، دېموكراتىك ئىسلاھات
ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنى ئو-
رۇنداپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوت-
سىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمىنى
تۇرغۇزۇپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ،
ھەر مىللەت ئاممىسىنى سوتسىيالىزم
يولىغا ماڭغۇزدى. پارتىيە 11 - نۆۋەت-
لىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇ-
مىي يىغىنىدىن بۇيان، ئىسلاھات - ئې-
چىۋېتىش فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكى-
دە، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى بە-
لەن خەنزۇ كادىرلار بىردەك تۆت ئاسا-
سىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ھەر مىل-
لەت ئاممىسىنى سوتسىيالىستىك ماد-
دىي مەدەنىيەتۋەمەنىۋى مەدەنىيەت

قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشقا پائال تەشكىللەپ ۋە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇردى. ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ قىياپىتىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى.

ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىدا سوتسىيالىستىك مەزمۇنغا، مىللىي شەكىلگە ئىگە سوتسىيالىستىك يېڭى مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۆز مىللىتىنىڭ ئىلغار مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەر ئارىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىنى گۈللەندۈردى ۋە بېيىتتى. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى باشلامچى بولۇپ، يېڭى شەيئىلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىكى كونا، زامانىنىڭ تەلىپىدىن قالغان تەركىبلىرىگە قارىتا زۆرۈر ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىشقا باشلامچىلىق قىلدى. ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قەتئىي قوغداپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، خەنزۇ كادىرلار بىلەن جاپا ـ مۇشاقەتنى بىللە تارتىپ، ئېغىر كۈنلەردە بىللە بولۇپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھەرخىل مۇرەككەپ كۈرەشلەر، بولۇپمۇ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشتە قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، جەمئىيەتنىڭ مۇقىم بولۇشىدا مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشتى.

ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇپلا قالماي، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتىمۇ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى.

## II ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى زور كۈچ بىلەن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈلدى

شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ۋە مەركەزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى كۆپلەپ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ۋە كەڭ قوللۇق بىلەن ئىشلىتىش فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، بىر يۈرۈش سىياسەت، قائىدە بەلگىلىمىلەرنى ئېلان قىلىپ، بىر يۈرۈش ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

1) ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، سىياسەت تۈزۈش.

ئۆزۈندىن بېرى، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت «ئورتاق پروگراما»، «ئاز سانلىق

مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يې-
تىشتۈرۈش سىناق لايىھىسى» ، «مىل-
لىي رايونلار ئاپتونومىيە ھوقۇقى» دى-
كى تۈرلۈك قائىدە بەلگىلىمىلەرنى ۋە
پرىنسىپلارنى باشتىن - ئاخىر چىڭ
تۇتۇپ، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك
قۇرۇلۇشىنىڭ ئوخشاش بولمىغان تارى-
خىي دەۋرىدىكى خىزمەتلەرنىڭ ئېھتى-
ياجىغا ئاساسەن ئاز سانلىق مىللەت كا-
دىرلىرىدىن كۆپلەپ تاللاپ يېتىشتۈر-
دى. شىنجاڭنىڭ قانۇن، قائىدە - بەل-
گىلىمىسىگە ئاساسەن، پەرقلىق سايلام
ئېلىپ بېرىش داۋامىدا ئاز سانلىق مىل-
لەتتىن بولغان نامزاتلارغا قانداق كاپا-
لەتلىك قىلىش تەجرىبىسىنى قايتا -
قايتا يەكۈنلەش، مىللىي كادىرلارنىڭ
بارلىققا كېلىش نىسبىتى بىلەن شۇ
مىللەتنىڭ نامزاتلىرى ئىچىدىكى پەرق-
لىق سايلىنىش چارىسىنى ئوتتۇرىغا
قويدى. بۇ قانۇنىي بەلگىلىمىگە ئۇي-
غۇن، يەنە كېلىپ دېموكراتىيىنى گەۋ-
دىلەندۇرگەن بولۇپ، ھەرقايسى مىللەت-
لەرنىڭ باراۋەر ھالدا ھۆكۈمەتكە قاتنى-
شىش ھوقۇقى كاپالەتلەندۈرۈلگەن.

ئاپتونوم رايون ئاز سانلىق مىللەت
كادىرلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئىشلىتىش
بەلگىلىمىسىنى تۈزۈش بىلەن ئاز سان-
لىق مىللەت ياش ئۆسمۈرلىرىگە قارىتا
مۇنتىزىملاشقان مائارىپنىڭ ئالاھىدە
بەلگىلىمىسىنى يولغا قويدى. ئازادلىق-
نىڭ دەسلىپىدە، شىنجاڭ ئاز سانلىق
مىللەتتىن بولغان ياشلار - ئۆسمۈرلەر-
گە قارىتا مۇنتىزىم مائارىپنى قۇرۇش
ئالاھىدە بەلگىلىمىسى تۈزۈلۈپ، ئىم-
تىھان بېرىپ ئالىي مەكتەپكە كىرگەن
ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى
بىردەك ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن

ئوقىدى؛ ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن
ئوقۇيدىغان ئاز سانلىق مىللەت ئوتتۇرا
مەكتەبلىرىدىن باشقا، بېكىتىلگەن ئوت-
تۇرا مەكتەپلەردە ئاز سانلىق مىللەت
ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھۆكۈمەت خىراجىتى
سانىنى بېكىتىش تەسىس قىلىنىپ، ئا-
لىي مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بېرىشكە تى-
زىملاتقان ۋە ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ-
لەرنىڭ ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى-
لىرىغا قارىتا، ئىمتىھان نەتىجىسىنى
ئۆلچەم قىلغان ھالدا مۇۋاپىق ئېتىبار
بىلەن قوبۇل قىلىندى. نۆۋەتتە ئاپتو-
نوم رايونىمىز ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم
مەكتەپلىرىگە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇ-
غۇچىلىرىنى قوبۇل قىلىشتا يەنىلا ئۆز
ئالدىغا سوئال چىقىرىپ، ئەڭ تۆۋەن
نومۇرنى چەك قىلىپ قوبۇل قىلىش ئۇ-
سۇلى قوللىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت
ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانىغا كاپالەتلىك
قىلىنىۋاتىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق پارتى-
كوم، خەلق ھۆكۈمىتى پائال ئىزدىنىش
قىلىپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، ئاز سانلىق
مىللەت كادىرلىرىنى تاللاپ تەربىيىلەش
جەھەتتە يېڭى پىكىر، يېڭى ئۇسۇللارنى
ئوتتۇرىغا قويۇپ، دەسلەپكى قەدەمدە،
ئادىل رىقابەتلىشىش، ئەلالىرىنى تاللاش
پرىنسىپىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئاز سان-
لىق مىللەت كادىرلىرىنى تاللاپ يې-
تىشتۈرۈش تۈزۈمىنى بېكىتتى.

2) نىشان ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ،
قەدەممۇ قەدەم ئەمەلىيلەشتۈرمەك.
شىنجاڭدا ناھىيىدىن يۇقىرى پارتكوم
ۋە تەشكىلات بۆلۈملىرى ئاز سانلىق
مىللەت كادىرلىرى ئارىسىدىن تاللاپ
تەربىيىلەش، يىراق كەلگۈسى پىلان ۋە
يىللىق پىلان بويىچە، تاللاپ تەربىيى-
لەش تۈزۈمىنى بېكىتتى، ھەمدەئەس-

ئايدىل تەشكىللەش تەدبىرى قوللىنىپ، روشەن ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

3) ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇپ، بىر تۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىپ، مۇنەۋۋەر ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى پائال تاللاپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك كوللېكتىپىغا كىرگۈزۈلدى.

4) زور كۈچ بىلەن تەربىيىلەپ، ساپاسى ئۈستۈرۈلدى.

① ئەمەلىيەت جەريانىدا تاللاپ تەربىيىلەش. بىرىنچىدىن، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى نۆۋەتكە، تۈركۈمگە بۆلۈپ تاللاپ ئاساسىي قاتلامغا ئەۋەتىپ ۋەزىپىگە قويۇش ۋە ۋەزىپە بېرىش. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئاپتونوم رايون 1990 - يىلنىڭ مابەينىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ھۆكۈمەت ئورگىنى كەسپىي ئورۇنلاردىن بولۇپ جەمئىي 400 دىن كۆپرەك ئوتتۇرا ياش، ياش بۆلۈم، ناھىيە - باشقارما دەرىجىلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىدىن ئاساسىي قاتلامغا چېنىقىشقا بېرىپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. ئىككىنچىدىن، پىلانلىق ھالدا مۇنەۋۋەر ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تاللاپ ئىچكى رايونلارغا، دېڭىز بويى رايونلىرىغا، تەرەققىي قىلغان ئۆلكە، شەھەر بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورگىنىغا ۋەزىپە جەھەتتە ئېسىپ قويۇپ ئۆگىنىشكە ۋە چېنىقىشقا ئەۋەتتى. 1985 - يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايون جەمئىي 162 نەپەر ئاز سانلىق مىللەت كادىرىنى بېيجىڭ، تيەنجىن، شەندۇڭ، جېجياڭ، جياڭسۇ، لياۋنىڭ قاتارلىق ئۆلكە، شەھەرلەرگە ۋەزىپە بىلەن ئۆگىنىشكە ۋە چېنىقىشقا ئەۋەتتى. 1991-يىلدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايون 80 نەپەر مۇنەۋۋەر ئاز سانلىق مىللەت كادىرىنى مەركىزىي تەشكىلات مىنىستىرلىكى، مەركىزىي بىرلىكسەپ مىنىستىرلىكى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تەشكىللىگەن مەركەز ئورگىنى ۋە تەرەققىي قىلغان ئۆلكە، رايونلارغا بېرىپ ۋەزىپىدە بولۇپ، چېنىقىش تۇرمۇشقا قاتنىشىشقا تاللاپ ئەۋەتتى، ھەرقايسى ئوبلاست، شەھەرلەرمۇ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە پائال تاللاپ ئەۋەتىپ تەرەققىي قىلغان ناھىيە، شەھەرلەردە ۋەزىپىدە بولۇپ، ئۆگىنىشكە ۋە چېنىقىشقا ئەۋەتىپ، ناھايىتى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. 1998 - يىلى ئاپتونوم رايون يەنە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى شارائىتى ياخشىراق شىمالىي شىنجاڭغا بېرىپ ۋەزىپىدە بولۇپ، چېنىقىشقا تەشكىللەپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى مۇشۇ يول ئارقىلىق ئىدىيىسىنى ئازاد قىلىپ، نەزەر دائىرىسىنى ئېچىپ، كەسپىي ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى. ئۈچىنچىدىن، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ئالماشتۇرۇش سالمىقى ئاشۇرۇلدى. ئىستاتىسكىغا ئاساسلانغاندا، ئاپتونوم رايون ۋىلايەت — نازىر دەرىجىلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىدىن 127 نەپەرنى ئالماشتۇردى، ناھىيە دەرىجىلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرىدىن 1362 نەپەرنى ئالماشتۇردى. تۆتىنچىدىن، دادىل ئۆستۈرۈپ، دادىل ئىشلىتىش، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورۇنلىرىدا تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈلدى ۋە چېنىقتۇرۇلدى.

② كۆپ خىل شەكىللەر قول-

لىنىپ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى-
نىڭ بىلىم سەۋىيىسى ئاشۇرۇلدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، ھەر دەرىجە-
لىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر ئاز سانلىق
مىللەت كادىرلىرىنىڭ بىلىم سەۋىيە-
سىنى ئاشۇرۇشنى كادىر تەربىيىلەپ
يېتىشتۈرۈشنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى دەپ
بىلىپ، كۆپ خىل شەكىللەر ۋە يوللار
بىلەن زور بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت
كادىرلىرىنىڭ بىلىم سەۋىيىسى ئاشۇرۇلدى.

بىرىنچىدىن، ھەر دەرىجىلىك پار-
تىيە مەكتىپى، كادىرلار مەكتىپى ئې-
چىلدى. ئازادلىقتىن بۇيان، ئاپتونوم
رايون ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، يۇقى-
رى مەكتەپلەرنىڭ شىنجاڭ كادىرلار
سىنىپى، شىنجاڭ كادىرلار مەكتىپى،
شىنجاڭ پارتىيە مەكتىپى، ئاپتونوم را-
يونلۇق پارتىيە مەكتىپى قاتارلىق پارتى-
يە مەكتىپى، كادىرلار مەكتىپىنى
قۇردى ۋە بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسلىرى-
نى ئاچتى. 1954 - يىلدىن ھازىرغى-
چە، ئاپتونوم رايون شىنجاڭ مىللىي
كادىرلار بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى،
ئوتتۇرا ياش، ياش كادىرلار بىلىم ئا-
شۇرۇش كۇرسى ۋە نەزەرىيىۋىي تەشۋى-
قات كادىرلار سىنىپىدىن جەمئىي 19
قارار ئېچىپ، ئاز سانلىق مىللەت كا-
دىرلىرىدىن 1572 كىشىنى نۆۋەت بى-
لەن تەربىيىلىدى ۋە تەربىيىلەپ يېتىش-
تۈردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە
مەكتىپى 1953 - يىلى ئېچىلغان نازىر
دەرىجىلىك كادىرلارنى تەربىيىلەش
كۇرسى - كىتاب ئوقۇش سىنىپىدىن
ھازىرغىچە، نازىر دەرىجىلىك ئاز سان-
لىق مىللەت كادىرلىرىدىن جەمئىي
3000 قېتىم ئادەم تەربىيىلىدى. ئىك-
كىنچىدىن، مەركىزىي پارتىيە
مەكتىپىگە تاللاپ ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى.
1954 - يىلى مەركىزىي پارتىيە مەك-
تىپى شىنجاڭ سىنىپى قۇرۇلغاندىن
بېرى، ئاپتونوم رايونىمىزدىن 1536
نەپەر ئاز سانلىق مىللەت كادىرى تەربى-
يىلەشكە قاتناشتى. ئۈچىنچىدىن،
مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى
قاتارلىق ئىچكىرىدىكى ۋە شىنجاڭدىكى
ئالىي تېخنىكوم مەكتەپلىرىدە تەربىيە-
لەشكە تاللاپ ئەۋەتتى. 1958 - يىلى،
ئاپتونوم رايون بويىچە ئىچكى جايلارغا
ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىدىن
2575 كىشى ئۆگىنىشكە تاللاپ ئەۋە-
تىلدى. پەقەت 1979 - يىلدىن
1990- يىلغىچە بولغان 11 يىلدا،
ھەرقايسى ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم
مەكتەپلىرىدە ئوقۇغان ئاز سانلىق مىل-
لەت كادىرلىرى 100 مىڭ 33 كىشىگە
يەتتى. تۆتىنچىدىن، ئاز سانلىق مىل-
لەت كادىرلىرىنى چەتئەللەرگە ئوقۇشقا
تاللاپ ئەۋەتىپ بىلىمى مۇكەممەللەشتۈ-
رۈلدى، ئىچكى جايلارغا بېرىپ بىلىم
ئاشۇرۇلدى. 1958 - يىلىدىكى ئىستا-
تىستىكىغا قارىغاندا، ئاپتونوم رايونى-
مىز بويىچە چەتئەللەرگە چىقىپ ئوقۇ-
غان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىدىن
ئۈچ تۈركۈمدە جەمئىي 144 كىشى تال-
لاپ ئەۋەتىلگەن. ئاپتونوم رايونىمىز
1993 - يىلدىن بۇيان 216 نەپەر مۇ-
نەۋۋەر ئاز سانلىق مىللەت كەسپىي
تېخنىكا خادىملىرىدىن چەتئەللەردە ۋە
ئىچكى جايلاردىكى تەتقىقات ئورۇنلىرىغا
تاللاپ ئەۋەتىپ ئالاھىدە تەربىيىلىدى.
بەشىنچىدىن، ئوقۇش تارىخى مائارىپى
20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىنىڭ دەس-
لەپىدە ئېلىپ بېرىلدى. ئاپتونوم رايو-
نىمىز كادىرلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋ-

يىسىنىڭ نىسبەتەن تۆۋەن بولۇش ئەھۋالىغا ئاساسەن، 50 ياشتىن تۆۋەن كادىرلارغا قارىتا بۆلەكمۇ بۆلەك، قاتلاممۇ قاتلام ئوقۇش تارىخى بويىچە تەربىيەلەش ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ سەۋىيەسى ئوتتۇرا تېخنىكوم ياكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈلدى. 1990-يىلدىن بېرى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون مەلۇم مەدەنىيەت ئاساسىغا ئىگە، ئىگىلىك ئورۇنلىرىدا ياكى ئىگىلىك ئورۇنلىرىغا ئوخشايدىغان جايلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ئوتتۇرا ياش، پېشقەدەم كادىرلارنى ئالدى بىلەن ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات شارائىتى ئەۋزەل ئالىي ئۇنىۋېرسال مەكتەپلەرگە تاللاپ ئەۋەتىپ، خېلى يۇقىرى قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش بىلىملىرىنى سىستېمىلىق ئۆگەندى، ئىككىنچى قېتىملىق ئوقۇش تارىخى ياكى ۋاقتى بىر قەدەر ئۇزۇن بولغان تەربىيەلەشنى داۋاملىق ئېلىپ باردى. ئۇنىڭدىن باشقا ئاپتونوم رايون 45 ياشتىن تۆۋەن، ئالىي تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيىلىك خەنزۇچىنى بىلىدىغان، ئىقتىسادىي تارماقلاردا خىزمەت قىلىدىغان 757 نەپەر ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك ئاز سانلىق مىللەت زاپاس كادىرلىرى تىيەنجىن ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن دالىيەن تەبىئىي پەن ئۇنىۋېرسىتېتلىرىغا تەربىيىلەشكە ئەۋەتىپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

## Ⅳ بىرنەچچە نۇقتىلىق مۇلاھىزە

ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تاللاپ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، ئاخىرقى ھېسابتا مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ھالقىسى، شۇنداقلا پارتىيىنىڭ كادىرلار خىزمىتى ۋە مىللەتلەر خىزمىتىدىكى مۇھىمىنىڭ مۇھىمى. بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، بىر تۈركۈم يېتەرلىك ساندىكى ھەر ساھەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار قوشۇنىنى تەربىيىلەپ چىقىش ئالدىمىزدىكى تېخىمۇ قىيىن، تېخىمۇ مۇشەققەتلىك ۋەزىپە، شۇنىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىش زۆرۈر.

(1) ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈش. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تۆۋەن بولۇش ئۇزاق ۋاقىت سەرپ بولىدىغان مەسىلە.

1. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ نىسبەتەن تۆۋەن بولۇشى ئۇزاق ۋاقىتتا ھەل قىلىنىدىغان مەسىلە. ئالدى بىلەن، ئوقۇ - ئوقۇتۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، ئاندىن ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا قارىتا، قوش تىللىق ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىش، ئۇنىڭدىن كېيىن ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بېرىش، چوڭلار ئالىي تېخنىكومىغا ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن خەنزۇ تىلىدا ئىمتىھان بەرگەن مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ نومۇر چېكى پەرقىنى تەدرىجىي كىچىكلىتىپ قوبۇل قىلىش كېرەك.

2. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى نۇقتىلىق قىلىپ، تاللاپ تەر-

بېيىلەشتە، ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە تىر-
ىشىش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت
كادىرلىرىنىڭ سانىنى كۆپەيتىشكە كۆ-
ڭۈل بۆلۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، نەزەر-
نى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ
ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە سېلىش،
ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ سى-
ياسىي ۋە كەسپىي ساپاسىنى پىلانلىق
هالدا يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.

3. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار
قوشۇنى قۇرۇلمىسىنىڭ مۇۋاپىق بول-
مىغانلىرىنى، ئېگىلىك باشقۇرۇش،
پەن - تېخنىكىلىق ئىختىساسلىقلارنىڭ
كەمچىل بولۇش ئەھۋالىنى ئۆزگەر-
تىش، نېمە كەم بولسا شۇنى تولۇقلاش
پرىنسىپى بويىچە، كۆپ يوللۇق، كۆپ
قاتلاملىق، كۆپ شەكىللىك يول بىلەن
تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش كېرەك.

4. كادىرلارنى ئالماشتۇرۇشتا ئى-
دىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، نەزەر دا-
ئىرىسىنى كېڭەيتىش، رەھبىرىي كادىر-
لارنى پىلانلىق بەلگىلەنگەن مۇددەتتە
ئالماشتۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويغان-
دىن سىرت، ئاز سانلىق مىللەت كادىر-
لىرىدىن بولغان ھەر دەرىجىلىكتىكى
زاپاس كۈچلەرنى ئالماشتۇرۇپ، ئۇلار-
نىڭ ھەرخىل مۇھىتتا چېنىقىشىنى
ئۆستۈرۈپ، ئىختىدارىنى ئاشۇرۇش
كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تې-
خىمۇ كۆپ ياش، ئوتتۇرا ياش ئاز سان-
لىق مىللەت كادىرلىرىنى دېڭىز بويى-
دىكى تەرەققىي قىلغان رايونلارغا بې-
رىپ ئېكسكۇرسىيە، ئۆگىنىش، نۆۋەت
بىلەن تەربىيىلەشكە، ۋەزىپە بىلەن ئىش-
لەشكە تەشكىللەپ، ئىسلاھات، ئېچىۋې-
تىش ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئىلغار باشقۇ-
رۇش تەجرىبىلىرىنى ئىگىلەشكە شار-
ائىت يارىتىپ بېرىش ئىگىلىتىش كېرەك.

5. سان بىلەن سۈپەتنىڭ دىئالېك-
تىكىلىق مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇش.
ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ سا-
نىغا كاپالەتلىك قىلىش ئاساسىدا، سۈ-
پىتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش كې-
رەك. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كادىرلار
قوشۇنىنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قى-
لىپ، ھەقىقىي مۇنەۋۋەر ئاز سانلىق
مىللەت كادىرلىرىنى تاللاپ تەربىيى-
لەشكە قارىدىمۇ - قارىمىدىمۇ، ئاز
سانلىق مىللەت كادىرلىرى قۇرۇلمى-
سىنى ئۆزگەرتتىمۇ - ئۆزگەرتمىدىمۇ،
«ئۈچكە پايدىلىق» بولدىمۇ - بولمىدى-
مۇ، ئەڭ ئاخىرى «تەرەققىيات قانۇنى-
يىتىگە ئۇيغۇن بولدىمۇ - بولمىدىمۇ»
نى ئۆلچەم قىلىپ تەكشۈرۈش كېرەك.

6. «مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىش»
بىلەن كادىرلارنى «تۆتلەشتۈرۈش»
فاڭجېنىنى ھەم ئەخلاقلىق ھەم قابىلى-
يەتلىك بولۇش پرىنسىپىنىڭ مۇناسى-
ۋىتىنى توغرا تونۇش ۋە بىر تەرەپ قى-
لىش؛ مىللىي تېرىتورىيىلىك ئاپتو-
نومىيە قانۇنىدا، ئاپتونومىيە ئورگىنى-
نىڭ مەلۇم رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى تې-
رىتورىيە ئاپتونومىيە هوقۇقىنى يولغا
قويغان مىللەت پۇقراسى ئۈستىگە ئالى-
دۇ. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك كول-
لېكتىپى ئىچىدىن ئاز سانلىق مىللەت
كادىرلىرى مەسىلىسىنىمۇ ئوتتۇرىغا
قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ دەپ ئېنىق بەل-
گىلەنگەن. بىر كادىرنى تاللاپ چىقىش-
تا، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ مىللىي تەركى-
بىگە قارىماي، بەلكى ئۇنىڭ تەيىنلەن-
گەن شۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چى-
قىش - چىقالماسلىقىغا، ئەخلاقىغا

(داۋامى 51 - بەتتە)

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر دىن خىزمىتى ئورگىنىنىڭ تەرەققىيات تارىخى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبىسى، خەلق كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ھۆكۈمەت مىللەتلەر خىزمىتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، دەسلەپتە مىللەتلەر خىزمىتى ئورگىنى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش ۋە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار قوشۇنىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىش خىزمىتى جىددىي تۇتۇلدى. 50 يىلدىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى، مىللەتلەر ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مىللەتلەر مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى.

1949 ـ يىلى12 ـ ئاينىڭ16 ـ كۈنى، مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى 11 ـ قېتىملىق مەمۇرىي ئىشلار يىغىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە قاراشلىق ھەرقايسى تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى تەيىنلىدى. يولداش سەيپىدىن ئەزىزى ئۆلكىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى. 1950 ـ يىلى1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 5 ـ قېتىملىق كومىتېت مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىنى سايلاپ چىقىشنى ئۇتتۇرىغا قويدى. ھەمدە تەستىقلاشقا يوللىدى. شۇ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى 24 ـ قېتىملىق مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى يىغىنىدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ جەمئىي 19 نەپەر ئەزاسىنى تەيىنلىگەنلىكىنى قارار قىلدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئەينى ۋاقىتتا ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئورگىنى پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى كۈن تەرتىپىگە قويۇپ ئىزچىللاشتۇرۇشنى مۇزاكىرىلىشىدىغان كوللېكتىپ بولۇپ، ئىچكى قىسىمدا مەخسۇس ئىش بېجىرىش ئورگىنى قۇرۇلمىغان.

1950 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە ئىدارىسى مىللەتلەر ئىشلىرى بۆلۈمى قۇرۇپ، مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ فۇنكسىيىسى تەدرىجىي ھالدا مىللەتلەر خىزمىتى بۆلۈمىنىڭ خىزمەتلىرىنى ۋاكالىتەن يۈرگۈزەى.

1951 ـ يىل 6 ـ ئايدا، مەركەزنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق شىنجاڭ شۆبە ئىدارىسىنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى

بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، شىن-
جاڭ شۆبە ئىدارىسىنىڭ بىرلىكسەپ
خىزمەت بۆلۈمى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ ئى-
چىدە مىللەتلەر خىزمىتىنى باشقۇرىدى-
غان فۇنكسىيىلىك باشقارما تەسىس قى-
لىندى. 1955 ـ يىل6 ـ ئاينىڭ1 ـ
كۈنى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ
169 ـ قېتىملىق مەمۇرىي يىغىنى،
«شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى
مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى باشقارمىسى»
قۇرۇشنى قارار قىلىپ، 12 شتات بې-
كىتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە مىللەتلەر بۆلۈ-
مى، دىن بۆلۈمى ۋە كاتىپ ئىشخانىسى
تەسىس قىلدى. شۇ يىلى 9 ـ ئايدا،
شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرىنچى نۆۋەتلىك
خەلق قۇرۇلتىيى 2 ـ قېتىملىق يىغى-
نى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى
قۇرۇش، شىنجاڭ ئۆلكىسى تۈزۈمىنى
ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدا قارا-
رى»نى ماقۇللىدى. ھەمدە «شىنجاڭ
ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مىللەتلەر،
دىن ئىشلىرى باشقارمىسى» نى «شىن-
جاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق
ھۆكۈمىتى مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى
باشقارمىسى» دەپ ئۆزگەرتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر، دىن
ئىشلىرى بارشقارمىسى دەسلەپ قۇرۇل-
غان ۋاقىتتىكى ئاساسلىق ۋەزىپىسى:
مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقتا باراۋەر بولۇشىغا
كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتىنى ياخشى
ئىشلەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى
خىزمىتىنى كۈچەيتىش، ھەرقايسى تار-
ماقلارنىڭ پىلانلىق، قەدەم باسقۇچلۇق
ھالدا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مىللىي
ئاپتونومىيە جايلىرى ۋە ھەرقايسى ئاز
سانلىق مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىق-
تىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەر-
ەققىي قىلىشىغا پائال ياردەملىشىپ،
دىنغا ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى
ئىزچىللاشتۇرۇش، دىنىي گۇرۇھلارغا
بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، دىنىي
زاتلارنىڭ دۆلەتنىڭ سىياسەت، ئەمىر ـ
پەرمانلىرىنى ئۆگىنىشكە پائال يېتەك-
چىلىك قىلىش ۋە تەشكىللەش، ئۇلار-
نىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئېڭىنى ئۆستۈ-
رۈش، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇ-
لۇش ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش
ئىشلىرىغا ئاكتىپ ئىشتىراك قىلدۇرۇش.

ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر، دىن
ئىشلىرى باشقارمىسى، 1968 ـ يىلغا
قەدەر باشقارما دەرىجىلىك ئورگان بو-
لۇپ كەلدى. 1966 ـ يىلى «مەدەنى-
يەت ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن،
ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر، دىن ئىش-
لىرى باشقارمىسىنىڭ پارتگۇرۇپپىسى
پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. 1968 ـ
يىلى ئىشچى، ئەسكەرلەر دوستلۇق ئەت-
رىتى كىرىشى بىلەن مىللەتلەر، دىن
ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ تارقىتىۋې-
تىلگەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

1978 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ
كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە-
سى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق
ئىنقىلابى كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق
پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ «ئاپتو-
نوم رايونلۇق مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى
ئورگىنى، ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ
سانائەتچىلەر ھەم ئاپتونوم رايونلۇق
سىياسىي كېڭەش ئورگىنىنى تەسىس
قىلىش توغرىسىدىكى يول ـ يورۇق
سوراش دوكلاتى» نى تەستىقلىدى. شۇ-
نىڭ بىلەن «ئاپتونوم رايونلۇق مىللەت-
لەر، دىن ئىشلىرى ئىدارىسى» بولۇپ
قۇرۇلدى، ئۇنىڭ ئىچىدە ئىشخانا،

مىللەتلەر ۋە دىن باشقارمىسى تەسىس قىلىنىپ، شۇ ۋاقىتتىكى شتاتى 17 بولدى.

1979 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتى «ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتى خىزمەت تارماقلىرىنى تەڭشەش، قۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» دىكى قارارىدا، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنى قۇرۇش، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئىنقىلابىي كومىتېتى پۈتۈن ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى بىلەن دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتىكى فۇنكسىيىلىك ئورگان قىلىپ قۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە، مىللەتلەر 1 ـ باشقارمىسى، مىللەتلەر 2 ـ باشقارمىسى، دىن باشقارمىسى تەسىس قىلدى.

سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش مەزگىلىدە، پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يۆتكەش بىلەن بىرگە، پارتىيە مىللەتلەر خىزمەتلىرىگە نىسبەتەن يېڭى ۋەزىپە ۋە تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى: پارتىيەنىڭ ۋە دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خىزمىتىگە قارىتا بەلگىلىگەن فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، مىللەتلەر ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى ۋە مىللىي ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، ئىتتىپاق بولۇش، ئۆزئارا ياردەملىشىدىغان سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىش، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق روناق تېپىشىنى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، پارتىيە 12 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ئوتتۇرىغا قويغان پارتىيىنىڭ باش ۋەزىپىسىنى ۋە باش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، تەرەققىياتنى، شىنجاڭنى قۇرۇشنى تېزلىتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى ئىككى يېرىم قاتلاش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشتىن ئىبارەت.

1980 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق دىن ئىشلىرى ئىدارىسى قۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» دا: «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق دىن ئىشلىرى ئىدارىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىر قاتاردىكى ئورگان بولۇپ قۇرۇلۇپ، ئىككى ۋىۋىسكا بولسىمۇ، لېكىن باشقا شتات قوشماسلىق» قارار قىلدى.

1984 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 40 ـ قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى دىن ئىشلىرى ئىدارىسى (2 ـ دەرىجىلىك ئىدارە) قىلىش تەسىس قىلىشنى قارار قىلدى، شتاتى 25 نەپەر بولدى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى دىن ئىشلىرى

باشقارمىسىدا 5 شتات، ئىسلام دىن
جەمئىيىتىنىڭ 5 شتاتى بىلەن بۇددا
دىن جەمئىيىتىنىڭ 3 شتاتى بولغاندىن
باشقا، يېڭىدىن 12 شتات قوشۇپ بېرى-
لىپ، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر
ئىشلىرى كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە
خىزمەت ئىشلەپ باردى. شۇ يىلى 12 -
ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق
خەلق ھۆكۈمىتى «ھەر دەرىجىلىك دىن
خىزمىتى، ئورگانلىرىنى كۈچەيتىش
توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» دا، ئاپتونوم
رايونلۇق دىن ئىشلىرى ئىدارىسى بىلەن
ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى
كومىتېتىنى ئايرىپ قۇرۇشنى قارار
قىلدى. 1986 - يىلى 1 - ئايدا، ئاپ-
تونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى
كومىتېتى بىلەن دىن ئىشلىرى ئىدارى-
سى مەمۇرىي، مالىيە جەھەتتە رەسمىي
ئايرىلىپ چىقتى.

1987 - يىلى 1 - ئاينىڭ 22 -
كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق شتات كومى-
تېتى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر
ئىشلىرى كومىتېتى ئىقتىسادىي خىز-
مەت باشقارمىسىنى قۇرۇشقا قوشۇلىدى-
غانلىقىنى تەستىقلىدى؛ شتاتنى ئۆز
ئىچىدىن تەڭشەپ ھەل قىلدى. باشقا
شتات قوشۇپ بېرىلمىدى. ئۇنىڭ ئى-
چىدە ئۈچ باشقارما، بىر ئىشخانا (مىل-
لەتلەر خىزمىتى باشقارمىسى، مەدەنى-
يەت - مائارىپ باشقارمىسى، ئىقتىسا-
دىي خىزمەت باشقارمىسى، ئىشخانا)
تەسىس قىلدى. شتاتى41نەپەربولدى.

فۇنكسىيىلىك تەڭشەش بىلەن
مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە
ئاساسەن، 1987 - يىل ئاپتونوم رايون-
لۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايون-
لۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى
خىزمىتىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى پۈتۈن
ئاپتونوم رايوندىكى مىللەتلەر ئىشلىرى-
نى باشقۇرۇش ئىكەنلىكىنى؛ ئاز سان-
لىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقى
ۋە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى قوغداشقا كا-
پالەتلىك قىلىش ئىكەنلىكىنى، ھەرقاي-
سى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەر-
لىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ياردەملى-
شىدىغان سوتسىيالىستىك مىللەتلەر
مۇناسىۋىتى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈ-
رۈشنى؛ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىق-
تىسادىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى
ھەمدە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق
گۈللىنىشىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلى-
قىنى كۈچەيتىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى
قوغداشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىكەنلى-
كىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى.

1990 - يىلى، يېڭى دەۋردىكى
مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ تەرەققىيات
ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئاپتو-
نوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەر-
لىكىنىڭ تەستىقلىشى، ئاپتونوم رايون-
لۇق شتات كومىتېتىنىڭ قوشۇلۇشى
بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر
ئىشلىرى كومىتېتى مىللەتلەر سىياسى-
تى تەتقىقات ئورنى تەسىس قىلىنىپ،
ناھىيە - باشقارما دەرىجىلىك، خىرا-
جىتىنى تولۇق بېرىدىغان 22 شتاتلىق
كەسپىي ئورۇن قىلىپ قۇردى.

1995 - يىلىدىكى ئاپتونوم رايون-
لۇق ئورگان ئىسلاھاتىدا، «ئاپتونوم
رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق
خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايونلۇق را-
يون دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت
ئورگانلىرى، ئورگان ئارقا سەپ ۋە
كەسپىي ئورۇنلار ئورگان ئىسلاھاتىنى
ئەمەلىيلەشتۈرۈش پىكرى توغرىسىدا

چۇشىنىۋالغان ئۇقتۇرۇش» (ش ك م [1995] 25 ـ نومۇرلۇق) نىڭ روھى بويىچە، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق دىن ئىشلىرى ئىدارىسى بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتى بولۇپ قۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئىچىدە، ئىشخانا، كادىرلار ئىشلىرى باشقارمىسى، سىياسىي قانۇن ـ نىزاملار باشقارمىسى، مائارىپ ـ تەشۋىقات باشقارمىسى، ئىقتىسادىي باشقارما، دىن ئىشلىرى بىرىنچى باشقارمىسى، دىن ئىشلىرى ئىككىنچى باشقارمىسى، دىن ئىشلىرى ئۈچىنچى باشقارمىسى، ئورگان پارتكومى، ئىنتىزام (دېۋىزىيە) گۇرۇپپىسى بولۇپ، مەمۇرىي شتاتى 70 نەپەر بولدى. قائىدە بويىچە، پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتى باشقارمىسىدا 4 نەپەرلىك شتات بار. ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتى ئورگان مۇلازىمەت مەركىزى (ناھىيە ـ باشقارما دەرىجىلىك ئورۇن) نىڭ كەسپىي شتاتى 13نەپەر بولۇپ، پۈتۈن خامچوتى ھېساباتقا كىرگۈزۈپ باشقۇرۇلىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتى كەسپىي شتاتى 10نەپەر، بۇددا دىنى جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي شتاتى5نەپەر بولۇپ، پۈتۈن خامچوتى ھېساباتقا كىرگۈزۈپ باشقۇرىلىدۇ.

ئەركىن ئىمىننىياز تەرجىمىسى
مۇھەررىر: مۇنەۋۋەر ئابدۇللا

---

(بېشى 46 ـ بەتتە)

قاراش كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا رەھبەرلىك كوللېكتىپ تەركىبىنىڭ ئېھتىياجىغىمۇ قاراش كېرەك. كادىرلارنى قوبۇل قىلىپ ئىشلەتكەندىمۇ مۇشۇ خىل روھنى ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك. قانۇن، قائىدە ـ نىزاملاردىن باشقا رەھبەرلىك كوللېكتىپىغا سەپلەش، كادىرلارنى تاللاشتا مەلۇم بىر خىل ئۆلۈك ھالەتنى شەكىللەندۈرمەسلىك كېرەك.

7. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت زاپاس كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش، نۆۋەتتە پۈتكۈل كادىرلار قوشۇنى بىلەن رەھبەرلىك كوللېكتىپى قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن بىرلەشتۈرۈش، مىللىي رايونلارنىڭ مۇقىم تەرەققىيات ئېھتىياجى بىلەن بىرلەشتۈرۈش، «بىر تۈركۈم كىشىلەر» نى تاللاش «بىر ئەۋلاد كىشىلەر» نى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈش، كۆزقاراشنى يېڭىلاپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى زاپاس قوشۇنىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتىكى يېڭى يولنى ئېچىشىمىز كېرەك.

ئەركىن ئىمىننىياز تەرجىمىسى

# شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى

I چەكلىنىگەن ئىشلار ۋە يېمەك - ئىچمەك كېيىم - كېچەكلىرى:

ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تاجىك قاتارلىق مىللەتلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەر بولۇپ، ئۇزاق ۋاقىت بىر رايوندا تۇرمۇش كەچۈرگەچكە، ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىدىكى چەكلەنگەن ئىشلىرى ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

مەسىلەن، قازاق، قىرغىز قاتارلىق چارۋىچى مىللەتلەر مېھماننىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشۈشىنى بولۇپمۇ ئېتىنى چاپتۇرغان پېتى كېلىپ، ئاتتىن چۈشۈشىنى ئەيىب كۆرىدۇ. بۇنى ئۆلۈم خەۋىرى ئېلىپ كەلگەنلىك ياكى باشقا شۇم خەۋەرنىڭ بېشارىتى دەپ قارايدۇ. مېھمانغا بارغاندا، ئۆيگە ئالدى بىلەن يېشى چوڭلار كىرىدۇ، ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ئەڭ ياخشىسى كارۋاتتا ئولتۇرماي، ئورۇندۇقتا، ياكى سېلىپ قويۇلغان شىرداق ئۈستىدە ئولتۇرۇش كېرەك. شىرداقتا ئولتۇرغاندا بەداشقان قۇرۇپ ياكى يۆكۈنۈپ ئولتۇرۇش، ھەرگىز پۇتنى سوزۇپ يەنى پۇتنى مېھمانغا سوزۇپ ئولتۇرماسلىق كېرەك. ئىشىك ئۈستىگە قىزىل لېنتا ئېسىلغان بولسا، بۇ ئاياللارنىڭ يەڭگىگەنلىكىنى ياكى بالىغا قىزىل چىققانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئۆيگە كىرمەسلىك كېرەك. ئوتتۇرا ياشلىق ئاياللار ئۆيدە يالغۇز بولسا، سىرتتىن كەلگەن (ئەر) كىشى ئۆيگە كىرمەسلىكى كېرەك. تاماقتىن ئىلگىرى ساھىپخان مېھماننىڭ قولىغا سۇ بېرىدۇ. قولنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن سىلكىمەي، لۆڭگە بىلەن سۈرتىش كېرەك. مۇسۇلمانلار ئادەتتە سەيشەنبە، جۈمە كۈنلىرى سەپەرگە چىقسا بالا - قازا كېلىپ قالىدۇ دەپ، بۇ كۈنلىرى سەپەرگە چىقمايدۇ. ئاياللار ئارغامچا، كىر سۇيىنى ئاتلىسا بولمايدۇ، ئەگەر ئارغامچىنى ئاتلىسا قىيىن تۇغۇتلۇق بولۇپ قالىدۇ. كىر سۇيىنى ئاتلىسا، تۇغۇتتا قىينىلىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ ئادەتلەردە خۇراپىي تۈس قويۇق بولۇپ، ھازىر ئۇلار كۆپ قىسىم جايلاردا ئېتىبارغا ئېلىنىپ كەتمەيدۇ.

مۇسۇلمانلار ئاشلىقنى ناھايىتى قەدىرلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ يېمەكلىك قاچىلانغان نەرسىلەر ئۈستىدە ھەرگىز ئولتۇرمايدۇ. ئاشلىق ۋە تۇزنى دەسسىمەيدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، ئاشلىق ۋە تۇزنىڭ قىساسىنى تارتىپ كۆزى كۆرمەس، كېيىن يېگىلى ئاش، ئىچكىلى تۇز يوق بولۇپ قالىدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇڭلاشقا، مۇسۇلمانلار يەپ ئېشىپ قالغان تائاملارنى يولغا تۆكۈۋېتىشنى بەك يامان كۆرىدۇ.

مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىق بىلەن مەسچىتكە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارايدۇ، مازار ۋە قەبرىستانلىقتىن ئۆتمەكچى بولسا، ئات، خېچىر، ئېشەكتىن چۈشۈپ ئۆتىدۇ. قەبرىستانلىق ۋە مەسچىت ئەتراپىغا چوڭ، كىچىك تەرەت قىلمايدۇ، تۈكۈرمەيدۇ ياكى يۇندا تۆكمەيدۇ. قەبرىستانلىق ۋە مەسچىت ئىچىگە مەينەت نەرسىلەرنى ئېلىپ كىرىشكە، قەبرىستانلىقتا قالايمىقان يۈ-

گۆرۈشكە، قەبرىستانلىقتىن توپا ئېلىش-
قا، ئۇ يەرگە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىغا چوشقا
قوتىنى، ھاجەتخانا سېلىشقا بولمايدۇ.
كىيىم كىيىنىش جەھەتتە، ئەت
كۆرۈنۈپ قالغۇدەك دەرىجىدە زىيادە
قىسقا ئۇستى كىيىم كىيىشنى، تامبال
بىلەن سىرتقا چىقىش، ئاياللار ئالدىدا
يالاڭاچ يۈرۈشنى ئەيب كۆرىدۇ.
موڭغۇل، شىبە، رۇس قاتارلىق
مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىدىمۇ ئۆزى-
گە چۇشلۇق چەكلەنگەن ئىشلىرى بار.
مەسىلەن، موڭغۇللار ئاتلىق ياكى
ھارۋىلىق يۈرۈپ، بىراۋنىڭ چېدىرىغا
يېقىنلاشقاندا، ئات ۋە ھارۋىنى ئاستى-
لىتىدۇ، چارۋىلارنى ھۈركۈتۈۋەتمەي-
دۇ. باشقىلارنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە ئات
قامچىسىنى ئىشىك سىرتىغا ئېسىپ قو-
يىدۇ. بۇ ساھىپخانىغا بولغان ھۆرمەت
ھېسابلىنىدۇ. گۆش يېگەندە، مېھمانغا
پىچاق ئۇزاتقاندا سېپىنى مېھمانغا قارى-
تىپ بېرىدۇ. ئىشىك ئالدىغا ئوت يې-
قىلغان ياكى قىزىل لاتا پارچىسى ئې-
سىلغان بولسا، ئۆيدە كېسەل ياكى تۇ-
غۇتلۇق ئايال بارلىقىدىن بىشارەت بېرى-
دۇ. بۇ ھالدا ئەڭ ياخشىسى ئۆيگە
كىرمەسلىك كېرەك. موڭغۇللارنىڭ
چېدىرىدىن ئۇزاپ چىققاندا، ئۇزۇتۇپ
چىققان ساھىبخان كىرىپ كەتكىچە پى-
يادە يۈرۈپ، ئاندىن ئات ياكى ھارۋىغا
چىقىپ يول ئېلىش كېرەك. بىراۋنىڭ
چوغدىنىغا پۇت، ئاياق، ئىشتان قاتار-
لىقلارنى قاقلاشقا بولمايدۇ.

شىبەلەر ئۆي ئىچىدە ئىسقىرتقاننى
ئەيب كۆرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە
كىرگەندە كىيىم - كېچەك، يوتقان -
كۆرپە، ياستۇق قاتارلىقلارنىڭ ئۈستىدە
ئولتۇرۇشقا، يېشىلگەن شىم، ئاياق،
پايپاقنى ئۆزىدىن ئېگىز ئورۇنغا قو-
يۇشقا بولمايدۇ. ئوچاق ياكى قازان بې-
شىدا ئولتۇرۇش ۋە ئۇنى دەسسەشنى
شۇنىڭدەك ئىشىك بوسۇغىسىدا ئولتۇ-
رۇش ۋە ئۇنى دەسسەشنى ئەيب كۆرى-
دۇ. ئۆيدە كېسەل بولسا ئىشىك بېشىغا
قىزىل لاتا پارچىسى ياكى بىر تۇتام
ئوت- چۆپ ئېسىپ قويىدۇ. ئۆيدە سۇ
چېچەكى چىققان بالا ياكى تۇغۇتلۇق ئا-
يال بولسا، ئۇ ئۆيگە كىرمەسلىك كې-
رەك.
رۇسلار باشقىلارغا تاماكا تۇتقاندا
بىر تالدىن ئەمەس قېپى بىلەن تۇتىدۇ.
بىر تال سەرەڭگە بىلەن ئۈچ ئادەم تاماكا
تۇتاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. باشقىلارنىڭ
تاماكىسىنى ئېلىپ تاماكا تۇتاشتۇرۇش-
قىمۇ بولمايدۇ. ئاياللار مېھمان ياكى
چوڭلارنىڭ ئالدىغا ياغلىق بىلەن چىقى-
دۇ، بۇ ئۇلارغا بولغان ھۆرمەت ھېساب-
لىنىدۇ. تاماق يېگەندە، پىچاق، قو-
شۇق، ۋېلكىلارنى داستىخاننىڭ ئۈستى-
گە ئەمەس، تەخسىنىڭ گىرۋىكىگە قو-
يىدۇ.

ئەركىن ئىمىننىياز تەرجىمىسى
مەسئۇل مۇھەررىر:
مۇنەۋۋەر ئابدۇللا

# ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەملىكەتلىك 6 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش ئەھۋالىنى خۇلاسىلەش ۋە تەقدىرلەش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەتىمىن زاكىر
1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى

يولداشلار:

بۈگۈن، بىز بۇ يەردە چوڭ يىغىن چاقىرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەملىكەتلىك 6 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش خىزمىتىنى خۇلاسىلەپ، مەملىكەتلىك 6 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت يىغىنىدا مۇكاپاتلانغان ھەر مىللەت تەنھەرىكەتچىلىرىنىڭ، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت ئىشلىرى ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان مۇنەۋۋەر كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلەۋاتىمىز. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن، مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن، تەقدىرلەنگەن مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەتچىلەر، تىرېنېر، ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيىسىدىكى مۇنەۋۋەر كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن، ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە خىزمەتچىلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە ئىشلىرىنى كۆڭۈل بۆلۈپ قوللاۋاتقان بارلىق يولداشلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرمەن.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچلۈك مەدەت بېرىش بىلەن بىرگە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنتەربىيىسىنى ساغلام تەرەققىي قىلىش يولىغا باشلىدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە تەڭكەش بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيىسى قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچىنى تېخىمۇ نامايەن قىلىپ، ئۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مىللەتلەر ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك يولىغا ئايلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداش-

تىكى كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى.

مەملىكەتلىك 6 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى — دۆلىتىمىز مۇشۇ ئەسىردە ئۇيۇشتۇرغان ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى، شۇنداقلا دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش پەيتىدە ئۇيۇشتۇرۇلغان مەملىكىتىمىز ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەنھەرىكەت كاتتا يىغىنى، ھەم مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىدىكى كاتتا يىغىن بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى بۇ قېتىمقى ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، زور كۈچ بىلەن مەدەت بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر، دىن خىزمىتى كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى ئەستايىدىل تەييارلىق قىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىن مۇسابىقىگە قاتناشقان 38 نەپەر ھەر مىللەت تەنھەرىكەتچىلىرى ئىككى مۇسابىقە رايونىدا ئىتتىپاقلىشىپ، قاتتىق ئېلىشىش، ئالغا ئىلگىرىلەش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، قاتمۇقات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، 36 مېدالغا ئېرىشىشتەك ئەلا نەتىجىنى قولغا كەلتۈردى. بۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە ئىشلىرى تەرەققىي قىلىپ بىر يېڭى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ نەتىجىلەرنىڭ قولغا كېلىشى ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە خىزمەتچىلىرىنىڭ جاپالىق تىرىشىشىدىن ۋە خالىسانە تۆھپە قوشۇشىدىن ئايرىلالمايدۇ.

باش شۇجى جياڭ زېمىن مەملىكەتلىك 6 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە «مىللەتلەر تەنتەربىيىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ تەن ساغلاملىقىنى ئاشۇرايلى» دەپ، كومىتېت باشلىقى لى پېڭ «مىللەتلەر تەنتەربىيىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، پۈتۈن خەلقنىڭ بەدەن چېنىقتۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈرەيلى» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەردى. بۇ مەركەزنىڭ مىللەتلەر تەنتەربىيە خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىۋاتقانلىقىنى يەنىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. يېقىندا چاقىرىلغان مەركىزىي كومىتېت مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى ۋە گوۋۇيۈەن چاقىرغان 3 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا باش شۇجى جياڭ زېمىن مۇھىم سۆز قىلىپ، 50 يىلدىن بۇيانقى مىللەتلەر خىزمىتىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر ۋە تەجرىبىلەرنى چوڭقۇر يەكۈنلەپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە تىرىشىش نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈش لازىم، دەپ كۆرسەتتى. ئۇزاقتىن بۇيان، ئاپتونوم

رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق
خەلق ھۆكۇمىتى ئاز سانلىق مىللەتلەر
تەنتەربىيىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى
باشتىن ـ ئاخىرى مىللەتلەر خىزمىتى-
نى ياخشى ئىشلەش، مىللەتلەر ئىتتى-
پاقلىقىنى كۈچەيتىش ۋە 2 مەدەنىيلىك
قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇ-
ھىم مەزمۇنى قىلىپ، يۇكسەك ئەھمى-
يەت بېرىپ ۋە زور كۈچ بىلەن قول-
لاپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى
تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى
يۇكسەلدۈردى. ھەر دەرىجىلىك پارت-
كوم، ھۆكۇمەتلەرنىڭ ئەھمىيەت بېرى-
شى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر
مىللەت تەنتەربىيە خىزمەتچىلىرىنىڭ
ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا، ئاپتونوم
رايونىمىزدا ئۇل ئەسلىھەلىرى بىر قە-
دەر مۇكەممەل، زاپاس قوشۇنى ئۈز-
لۈكسىز زورىيىۋاتقان، مۇسابىقە سىس-
تېمىسى تېخىمۇ قېلىپلاشقان، قاتنى-
شىش قىزغىنلىقى كۈنسايىن ئېشىۋات-
قان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.
بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاز
سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە
ئىشلىرى تەرەققىي قىلىپ بىر يېڭى
سەۋىيىگە يەتتى. تۆۋەندە، مەن باش
شۇجى جياڭ زېمىننىڭ مۇھىم سۆزى
ۋە مەركىزىي كومىتېت مىللەتلەر خىز-
مىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل
ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز-
نىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە
خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش توغ-
رىسىدا بىرقانچە پىكىرىمنى سۆزلەپ

ئۆتىمەن:

**1. ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى تو-
نۇش لازىم**

ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى
تەنتەربىيىسى روشەن مىللىي ئالاھىدى-
لىككە ئىگە بولۇپ، مىللەتلەرنىڭ پار-
لاق مەدەنىيىتىنىڭ بىر مۇھىم تەركى-
بىي قىسمى. ئاز سانلىق مىللەتلەر
ئەنئەنىۋى تەنتەربىيىسى مىللەتلەر مە-
دەنىيىتىنى تارقىتىش، تەرەققىي قىل-
دۇرۇش، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى
ئىلگىرى سۈرۈش، مەنىۋى مەدەنىيلىك
قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش، ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ تەن ساغلاملىقىنى ئاشۇ-
رۇش، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ داۋاملى-
شىشى ۋە ئۆزگىرىشىدە پائال رول ئوي-
نىغانىدى. ھازىرقى زاماندا، ئاز سان-
لىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنتەربىيىسى
ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي
تۇرمۇش قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەردە
تېخىمۇ يېڭى ۋە زور رول ئوينىغۇسى.

ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى
تەنتەربىيىسىنىڭ جۇشقۇن ھاياتىي كۈ-
چىنى ساقلاپ قالالىشى ئۇنىڭ چوڭقۇر
ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىدە،
ھازىرغا قەدەر دۆلىتىمىز 6 نۆۋەت ئاز
سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت
مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم رايونى-
مىز 4 نۆۋەت ئاز سانلىق مىللەتلەر تەن-
ھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. ئاز
سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت مۇسا-

بىقىسى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئاز سان-
لىق مىللەتلەرنىڭ تەنتەربىيە ئالاھىدى-
لىكى ۋە ھازىرقى زامان تەنھەرىكەت
سەۋىيىسى، مىللەتلەرنىڭ باراۋەر،
ئىتتىپاق، ئالغا ئىلگىرىلەش، گۈللى-
نىشتەك دەۋر قىياپىتى، سوتسىيالىس-
تىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ
ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەمدە جۇڭخۇا
مىللەتلىرىنىڭ غەلىبىسىرى ئالغا ئىلگى-
رىلەشكە ئىشەنچىسىنىڭ كامىل، قابى-
لىيىتىنىڭ بار ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت
غايەت زور روھى كۈچى نامايەن قىلىن-
دى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئاز سان-
لىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت ئىشلىرىغا ۋە
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەن ساغلاملىقى-
غا قىلغان غەمخورلۇقى ۋە ئەھمىيەت
بېرىشى گەۋدىلەندۇرۇلدى. شۇڭا، ھەر
دەرىجىلىك رەھبەرلەر ئىستراتېگىيە
يۇكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ئاز سانلىق
مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكىتىگە بول-
غان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى،
ئۇزاق مۇددەتلىك پىلان بىلەن يېقىنقى
ئىش تەقسىملەپ مەسئۇل بولۇش تۈزۈ-
مىنى، چوڭ مۇسابىقىلەر بىلەن دائىمى-
لىق پائالىيەتلەرنى ئۆزئارا بىرلەشتۈ-
رۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت
خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقى-
قىي كۈچەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر
تەنتەربىيىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتى-
كى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى ھەقىقىي ئەمە-
لىيلەشتۈرۈشى لازىم.

2. ئاز سانلىق مىللەتلەر
ئەنئەنىۋى تەنتەربىيىسىنىڭ ئۇل

خىزمەتلىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش
لازىم

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئاپتونوم رايو-
نىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەر-
بىيە خىزمىتىدە خېلى چوڭ نەتىجىلەر
قولغا كەلدى، ئەمما تەرەققىيات يەنىلا
تەكشى ئەمەس، بۇ مەسىلىنى ھەل قى-
لىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى
چىڭ تۇتۇش كېرەك:

بىرىنچىدىن، ئاز سانلىق مىللەت-
لەر تەنتەربىيىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش،
ئالماشتۇرۇش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈشنى
كۈچەيتىش كېرەك. ھەممە مىللەتنىڭ
ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت تۈرلىرى بار،
ھەربىر تەنھەرىكەت تۈرى شۇ مىللەتكە
خاس بولۇشتىن ھەممە مىللەت ئۈچۈن
ئورتاق بولۇش ۋە ئويۇن تۈرىدىن مۇسا-
بىقە تۈرىگە ئۆتۈشتەك جەرياننى بېسىپ
ئۆتىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنى-
ۋى تەنتەربىيىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش
خىزمىتى پەقەت ئاممىنىڭ قىزغىنلىقى-
غىلا تايىنىشقا بولمايدۇ، ئاساسىي قات-
لام رەھبەرلىرى ۋە مىللىي تەنتەربىيە
خىزمەتچىلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جا-
رى قىلدۇرۇپ، پائال يېتەكلەپ، مۇ-
ۋاپىق تەشكىللەش لازىم. ئومۇملاشتۇ-
رۇش خىزمىتىنى ھەقىقىي چىڭ ۋە
ياخشى تۇتۇپ، تۈرلۈك مۇسابىقە مەي-
دانلىرى ۋە تەنتەربىيە ئەسلىھەلىرىدىن
تولۇق پايدىلىنىپ، ئاممىۋى بەدەن چې-
نىقتۇرۇش پائالىيىتىنى كەڭ قانات
يايدۇرۇپ، مۇسابىقە تۈرلىرىنى كۆپەي-
تىپ، ئاممىنىڭ قاتنىشىش قىز-

غىنلىقىنى قوزغاپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيىسىنىڭ يېڭى ئۇستۇنلۇكىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار بىلەن بولغان ئۆگىنىش، ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مەشىق قىلىش ئۇسۇلىنى ياخشىلاپ، ماھارەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، قائىدىلەرنى قېلىپلاشتۇرۇپ، باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ياخشىلاپ، كۆپلىگەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت تۈرلىرىنى شىنجاڭدىن چىقىرىپ، مەملىكەتكە يۈزلەندۈرۈش لازىم.

ئىككىنچىدىن، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە خىزمەتچىلىرىنى تەربىيىلەشنى كۈچەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات زاپاس كۈچىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. مەملىكەتلىك 6 ـ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ئىككى مۇسابىقە رايونىغا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 38 نەپەر تەنھەرىكەتچىسى قاتنىشىپ، 6 ئالتۇن مېدال، 5 كۈمۈش مېدال، 5 مىس مېدالغا ئېرىشىشتەك ياخشى نەتىجىنى قولغا كەلتۈردى، ئېرىشكەن مېدال سانى 36 گە يېتىپ، ئالدىنقى نۆۋەتتىكىدىن كۆرۈنەرلىك كۆپ بولدى. بۇ بىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت تەنھەرىكەت ئىختىساس ئىگىلىرى قوشۇنىمىزنىڭ بارغانسېرى زورىيىپ، ئۇنىۋېرسال كۈچىنىڭ بارغانسېرى ئېشىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ جۇشقۇن تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنى نامايەن قىلىدۇ. ئەمما، بىز چوقۇم كېلىۋاتقان رىقابەت ۋە بېسىمنى ئېنىق كۆرۈشىمىز كېرەك. ئىلگىرىكى بەزى ئۇستۇنلۇككە ئىگە تۈرلەر بىرەر كوماندىغا مەركەزلىشىپ قېلىشتەك ئەھۋال بۇ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە بۇزۇپ تاشلاندى. ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ يېقىندىن بۇيان ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشى، قېرىنداش مىللەتلەر ئارىسىدىكى بەزى تۈرلەرنىڭ ئۆزئارا قوبۇل قىلىنىشى ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە رىقابىتىنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى. بىزنىڭ بەزى ئۇستۇنلۇككە ئىگە تۈرلىرىمىز قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ ئۇستۇنلۇكىگە ئايلاندى، بۇ خىل يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلە بىزدىن ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە ئىشلىرىدىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەشنى چوقۇم تېزلىتىشىمىزنى، بولۇپمۇ ترېنېرلارنىڭ ساپاسىنى ۋە تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ تەن ساغلاملىقىنى ئاشۇرۇشقا دىققەت قىلىپ، سىرتقا چىقىرىش، سىرتتىن كىرگۈزۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار بىلەن بولغان ئۆزئارا ئۆگىنىش ۋە ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئۇستۇنلۇككە ئىگە تۈرلىرىمىزنى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھازىرقى تەنتەربىيە مەكتەپ-

لىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، نۇقتىلىق
ۋە قاراتمىلىقى بار ھالدا بەزى ئاز سان-
لىق مىللەت تەنتەربىيىسى بويىچە تەر-
بىيىلەش كۇرسى ۋە تەتقىقات كۇرسى
ئېچىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەر-
بىيە ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ يېتىلد-
شىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈ-
رۈش لازىم.

ئۈچىنچىدىن، ئاز سانلىق مىللەت-
لەر تەنتەربىيە ئۇل ئەسلىھەلىرىنى ياخ-
شىلاپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربى-
يە ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ تەرەققىي قىلى-
شى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بېرىش
كېرەك. ئومۇمەن قارىغاندا، جايلار بىر
قانچە يىلدىن بۇيان ئىلگىرى - كېيىن
بولۇپ بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەر تەن-
تەربىيە ئەسلىھەلىرىنى قۇرۇپ، يەر-
لىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە
ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا ئاكتىپ رول
ئوينىدى. ئەمما بەزى جايلارنىڭ شارا-
ئىتى ناھايىتى ناچار بولغاچقا، بەزى
تۈرلەردە ماھارەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈ-
رۈلمەيۋاتىدۇ. بەزى جايلار تەنتەربىيە
ئەسلىھەلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىماي،
ئۇزاق يىل تاشلاپ قويىدى ھەتتا باشقا
ئىشقا ئىشلەتتى. بۇ ئاز سانلىق مىللەت-
لەر تەنھەرىكەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيا-
تىغا ناھايىتى پايدىسىز. ئاز سانلىق
مىللەتلەر تەنتەربىيە ئەسلىھەلىرىنى
مۇكەممەللەشتۈرۈشتە، ئالدى بىلەن بار
بولغان ئەسلىھەلەرنى ياخشى باشقۇرۇپ
ۋە ئىشلىتىپ، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ۋە
ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئەڭ يۇقىرى دە-
رىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزىنى تە-
رەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇ-
رۇش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە،
كۆپ يول ۋە كۆپ قاتلام بويىچە
مەبلەغ توپلاپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرتەن-
تەربىيە ئۇل ئەسلىھەلىرىنى ھەقىقىي
ياخشىلاش كېرەك. جەمئىيەتتىكى
كۈچلەرنى پائال ھەرىكەتلەندۈرۈش ئار-
قىلىق، ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربى-
يە قۇرۇلۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە مە-
دەت بېرىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر تەن-
تەربىيە ئىشلىرى ئومۇمىي سەۋىيىسى-
نىڭ ئۆسۈشىگە تۈرتكە بولۇش لازىم.

تۆتىنچىدىن، ئاز سانلىق مىللەت-
لەر ئەنئەنىۋى تەنتەربىيىسىنى تەشۋىق
قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، پۈتكۈل
جەمئىيەتتە ئاز سانلىق مىللەتلەر تەن-
تەربىيە ئىشلىرىنى قوللاشتەك ياخشى
كەيپىياتنى بەرپا قىلىش لازىم. ئاز
سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە ئىشلىرىنى
تەشۋىق قىلىشنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى
مول، مەسىلەن، خىلمۇخىل ياخشى
تۈرلەر، ئىلغار شەخسلەرنىڭ تىپىك
ئىش ئىزلىرى، ئاز سانلىق مىللەتلەر
تەنتەربىيە خىزمەتچىلىرىنىڭ جۇڭخۇانى
سۆيۈش، شىنجاڭنى سۆيۈش، جۇڭخۇا
مىللەتلىرى ئۈچۈن شەرەپ قازىنىش
روھى، ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە
ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى
مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەر قاتارلىق-
لار. بىز بۇ بايلىقنى كۈچلۈك تەشۋىق
قىلىپ، ئۇنىڭ تېگىشلىك رولىنى جا-
رى قىلدۇرۇشىمىز لازىم. ئاز سانلىق
مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە ئىشلى-
رىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرالمىغان بە-
زى جايلار، جامائەت پىكىرىنىڭ رولى-
نى جارى قىلدۇرۇشقا تېخىمۇ ئەھمى-
يەت بېرىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر تەن-
تەربىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە-
پۈتكۈل تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەق-
قىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن

داغدۇغا پەيدا قىلىشى كېرەك.

### 3. ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە خىزمەتچىلىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم

ھەر دەرىجىلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە خىزمەتچىلىرى ئۆزىنى ماركسىزم، ماۋزېدوڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇشتا يەنىمۇ چىڭ تۇرۇپ، ئۆگىنىشكە، سىياسىيغا ۋە توغرا كەيپىيات تىكلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئاڭلىقلىقىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى، جۇڭخۇا مىللەتلىرى بىر پۈتۈنلۈكى قارىشى ۋە توغرا مىللەت قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە خىزمىتىنى باشلامچىلىق بىلەن ياخشى ئىشلىشى، كەسپىي ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، زۆرۈر كەسپىي بىلىملەرنى ئىگىلىشى، ئەمەلىيەتتىن، خەلق ئاممىسىدىن ئۆگىنىشى كېرەك. خىزمەت داۋامىدىكى ياخشى تەجرىبىلەرنى، ياخشى ئۇسۇللارنى يەكۈنلەش ۋە توپلاشقا ماھىر بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش، ئۇنى باشقۇرۇش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى پىكىر ۋە تەكلىپىنى داۋاملىق ئاڭلاپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە خىزمىتىنى باشقۇرۇشتىكى مۇۋاپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە ئىشلىرىنى ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇشى كېرەك.

يولداشلار، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە ئىشلىرىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش بىر شەرەپلىك ھەم مۇشكۈل ۋەزىپە. بۇ قېتىمقى يىغىن ئارقىلىق ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر، دىن خىزمىتى كومىتېتلىرى ۋە تەنتەربىيە كومىتېتلىرى پائال ھەرىكەتلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە ئىشلىرىنى يېڭى پەللىگە پائال يۈكسەلدۈرۈشنى، تەقدىرلەنگەن ئاز سانلىق مىللەت تەنتەربىيە خىزمەتچىلىرى ۋە مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەتچىلەر، ترېنېرلارنىڭ مەغرۇرلۇق ۋە ئالدىراقسانلىقتىن ساقلىنىپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، تېخىمۇ ئەلا نەتىجە بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق 5-نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ۋە مەملىكەتلىك 7-نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى كۈتۈۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەسئۇل مۇھەررىرى:
ئەركىن ئىمىننىياز

# مەملىكەتلىك 6 ـ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنى شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى خىزمىتىدىن خۇلاسە

ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خې جۇڭخۇي
1999 ـ يىل 12 ـ ئاي

رەھبەرلەر، يولداشلار:

گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن، شىنجاڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، بېيجىڭ شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۈستىگە ئېلىپ ئۇيۇشتۇرغان جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى 6 ـ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنى 1999 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 23 ـ كۈنىگىچە، 9-ئاينىڭ 24-كۈنىدىن 30 ـ كۈنىگىچە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا لاسا شەھىرىدە ۋە بېيجىڭ شەھىرىدە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. مەملىكەتلىك 6 ـ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەنھەرىكەت كاتتا يىغىنى، ئىتتىپاقلىق كاتتا يىغىنى. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ ئاساسىي مەقسىدى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەنھەرىكەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ساغلاملىقىنى ئاشۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مىللىي روھنى ئۇرغۇتۇپ، سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت. دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنىنى ئۆتكۈزۈشى «تەنتەربىيە قانۇنى» ۋە «ئومۇمىي خەلق ساغلاملىقى پىلانى پروگراممىسى» نى ئىزچىللاشتۇرۇش، يولغا قويۇشنىڭ كونكرېت گەۋدىلىنىشى ھېسابلىنىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنىنى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق دۆلىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەنھەرىكەت ئالاھىدىلىكى ۋە ھازىرقى زامان تەنھەرىكەت تېخنىكا سەۋىيىسى يەنىمۇ نامايەن قىلىنىدۇ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، تەرەققىيات، گۈللىنىشتەك يېڭى قىياپىتى نامايەن قىلىنىدۇ؛ بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى جارى قىلدۇرۇش، مۇنەۋۋەر ئاز سانلىق مىللەت تەنتەربىيە ئىختىساس ئىگىلىرىنى چېنىقتۇرۇش ۋە تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە، باش شۇجى جياڭ زېمىن بۇ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنىغا: «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەنتەربىيە ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ تەن ساغلاملىقىنى ئاشۇرايلى» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەردى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باشلىقى لى پېڭ بۇ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر

ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنىغا «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەنتەربىيە ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئومۇم خەلقنىڭ بەدەن چېنىقتۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈرەيلى» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەردى. گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى جۇ رۇڭجى بېيجىڭدىكى تەنھەرىكەت يىغىنى مەيدانىدا مەملىكەتلىك 6 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى، پارتىيە مەركىزى كومىتېتى بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لى دېجۇ ئېچىلىش نۇتقى سۆزلىدى. بۇ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ ئېچىلغان مەزگىلى دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش مەزگىلىگە توغرا كەلدى، ئاممىۋى نامايىش، مىللەتلەر بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىشى ۋە دۆلەت بايرىمىنى كۆتۈۋېلىش ساليوت كېچىلىكى قاتارلىق دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىش ئارقىلىق، ھەر مىللەت تەنھەرىكەتچىلىرىنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش يۈكسەك قىزغىنلىقى يۇقىرى كۆتىرىلدى، ئۇلار جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ بىر ئەزاسى بولغانلىقىدىن چەكسىز ئېپتىخارلاندى.

بۇ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ لاسادىكى تارماق مۇسابىقە مەيدانىدا، شىنو، نور ئويناش، ياجىيا، ئات ئۈستى تۈرى قاتارلىق 4 چوڭ تۈر، 25 كىچىك تۈر مۇسابىقىسى ۋە 43 ئويۇن كۆرسىتىش تۈرى تەسىس قىلىندى؛ بېيجىڭدىكى ئاساسلىق مۇسابىقە مەيدانىدا چياڭخۇاپاۋ، جېنجۇچيۇ، تەپكۈچ، سۇچيۇ، ياغاچ توپ، ئىلەڭگۈچ، جانبازلىق، ئەجدىھا قېيىق، مىللىيچە چېلىشىش (بوك، يىزۇچە چېلىشىش، زاڭزۇچە چېلىشىش، خۇيزۇچە چېلىشىش) بولۇپ، جەمئىي 10 مۇسابىقە تۈرى ۋە 114 ئويۇن كۆرسىتىش تۈرى تەسىس قىلىندى. 31 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى شۇنداقلا تەيۋەن ئۆلكىسىدىن كەلگەن (لاسادىكى تارماق مۇسابىقە مەيدانىدا تەيۋەن ئۆمىكى يوق) 34 ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ 3400 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئەزىمەتلىرى بۇ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتناشتى. ھازىر مەن شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەملىكەتلىك 6 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتنىشىش ئەھۋالىنى تۆۋەندىكىچە خۇلاسە قىلىمەن:

## 1. تەييارلىق خىزمىتى

1) ئەستايىدىل تەييارلىق كۆرۈش ئارقىلىق 1998 - يىلى 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى كورلا شەھىرىدە ئاپتونوم رايونلۇق 4 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنى ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى ۋە پۈتكۈل ئەمەلىي كۈچى ئاساسىي جەھەتتىن ئىگىلەندى، ھەمدە مەملىكەتلىك 6 - نۆۋەتلىك ئازسانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتنىشىش ئاساسىي تەسەۋۋۇرى

دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى، مەملى-
كەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى
تەنھەرىكەت يىغىنىغا ئومۇمىيۈزلۈك
تەييارلىق كۆرۈش ئۈچۈن ئىدىيە جە-
ھەتتە، تەشكىلىي جەھەتتە ۋە خىزمەت
جەھەتتە ئاساس يارىتىلدى.
2) «ئومۇمىي قائىدە» ۋە ھەرقاي-
سى يەككە تۈرلەر قائىدىسىنى ئەستاي-
دىل ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئاسا-
سىدا، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاز سانلىق
مىللەتلەر تەنتەربىيە ئىشلىرى ۋە مالىيە
كومىتېتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش
قىلىپ، ھەمدە مۇئاۋىن رەئىس ئابدۇ-
قادىر نەسىردىنىنىڭ «ئاز پۇل خەجلەپ،
كۆپ ئىش قىلىش» دېگەن تەلىپىگە ئە-
مەل قىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇسا-
بىقىگە قاتنىشىش لايىھىسى ۋە خىراجەت
خام چوت دوكلاتىنى ئوتتۇرىغا قوي-
دۇق. بۇ دوكلاد بۇ يىل 3 ـ ئايدا
ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ
رەسمىي تەستىقلىشى ئارقىلىق يولغا
قويۇلۇشقا باشلىدى.
3) ئاساسىي مۇسابىقە مەيدانىغا
ئۈچ مۇسابىقە تۈرى، ئىككى ئويۇن
كۆرسىتىش تۈرى ۋە تارماق مۇسابىقە
مەيدانىغا بىر مۇسابىقە تۈرى ئەستاي-
دىل تاللاپ چىقىلدى. بۇ تۈرلەرنى تال-
لاشتا تۆۋەندىكىلەر ئاساس قىلىندى:
(1) ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر نۆۋەت-
لىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت-
لەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنلىرىدا
قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى؛ (2)
بۇ قېتىم مەملىكەتتىكى ھەرقايسى ئۆل-
كە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەرنىڭ تى-
زىمغا ئالدۇرغان مۇسابىقىگە قاتنىشىش
ئەھۋالى؛ (3) ئاپتونوم رايونىمىز ما-
لىيىسىنىڭ بەرداشلىق بېرىش ئىق-
تىدارى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا،
ئىككى قېتىملىق تىزىمغا ئالدۇرۇش
ۋاقتىدا تاماملاندى، ھەمدە ئەمەلىيەت
چىقىش قىلىنىپ، ئايرىم تۈرلەر ۋە
تەنھەرىكەتچىلەر تەڭشەلدى، ئۇنىڭدىن
باشقا، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كو-
مىتېتى، دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارى-
سىگە مۇناسىۋەتلىك مۇسابىقە قائىدىلى-
رىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش پىكرىمىز-
نى ئوتتۇرىغا قويدۇق.
4) ئۈچ مۇسابىقە تۈرىنى كوللېك-
تىپ مەشق قىلدۇرۇش خىزمىتى ئىل-
مىي ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. قايتا ـ
قايتا ئويلۇشۇش، ئىككى قېتىم تاللاش
ئارقىلىق، لاسادىكى تارماق مۇسابىقە
مەيدانىغا بارىدىغان ئات ئۈستى تۈرلىرى
تەنھەرىكەتچىلىرى بېكىتىلىپ، مۇئا-
ۋىن رەئىس ئابدۇقادىر نەسىردىنىنىڭ
لاسا تارماق مۇسابىقە مەيدانىغا قارىتا
«قاتنىشىش بىرىنچى، دوستلۇق بىرىن-
چى، بىخەتەرلىك بىرىنچى» دېگەن تە-
لىپى گەۋدىلەندۇرۇلدى. بېيجىڭدىكى
ئاساسىي مۇسابىقە مەيدانىغا بارىدىغان
مىللىيچە چېلىشىش ۋە ئىلەڭگۈچ تۈرى-
دىكى تەنھەرىكەتچىلەر 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ
كۈنىدىن باشلاپ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا
ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە سانجى شەھىرىدە
كوللېكتىپ مەشق قىلدۇرۇلدى، بىر
مەزگىل مەشق قىلدۇرۇلغاندىن كې-
يىن، مىللىيچە چېلىشىش بويىچە بىر
قېتىم كىچىك تىپتىكى تاللاش مۇسابى-
قىسى ئېلىپ بېرىلدى؛ ئات ئۈستى
تۈرلىرى بويىچە ئىككى قېتىم كىچىك
تىپتىكى تاللاش مۇسابىقىسى ئېلىپ بې-
رىش ئاساسىدا، 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ
كۈنىدىن باشلاپ ئىلى ئوبلاستىدا رەس-
مىي كوللېكتىپ مەشق قىلدۇرۇل-

دى، ھەمدە 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى موڭغۇل كۈرەدىن يولغا چىقىپ بېيجىڭ ـ گە مۇددەتتىن ئىلگىرى بېرىپ، شۇ جايغا ماسلىشىش مەشقى ئېلىپ بېرىل ـ دى. كوللېكتىپ مەشىق قىلىش مەز ـ گىلىدە، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ رەھ ـ بەرلىرى شۇنداقلا كەسپىي باشقارما، ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇللىرى كۆپ قې ـ تىم مەشىق مەيدانىغا بېرىپ ھەر مىللەت تەنھەرىكەتچىلىرىنى يوقلىدى ۋە ئۇلار ـ دىن ھال سورىدى، ئۇلارغا قارىتا قاراتـ ـ مىلىقى بولغان نۇرغۇن ئىدىيىۋى خىز ـ مەتلەرنى ئىشلىدى، تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ تاماق تۇرلىرىنى ۋاقتىدا تەڭشىدى، ئىلمىي ئۇسۇلدا مەشىق قىلىش ئۇسۇلى ۋە مەشىق تۈزۈملىرىنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ چىقىپ، مەشىق سۈپىتىگە ۋە تەن ـ ھەرىكەتچىلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا كاپالەتلىك قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىككى قېتىم 3 نەپەر تېرىنېر، لېپىر شىنياڭ ۋە بېيجىڭدە ئۇيۇشتۇرۇلغان مەركەزلىك تەربىيىلەشكە قاتناشتى.

5) دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، دۆلەت تەنتەربىيە باش ئى ـ دارىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشىنىڭ روھىغا ئا ـ ساسەن مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىل ـ لەتلەر تەنتەربىيىسى بويىچە نەمۇنە كوللېكتىپ ۋە نەمۇنە شەخسلەرنى باھا ـ لاش، تاللاش كۆرسىتىپ بېرىش خىز ـ مىتىنى ئورۇنلىدۇق. جەمئىي بىر نە ـ مۇنە كوللېكتىپ، 3 نەپەر نەمۇنە شەخس دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كو ـ مىتېتى ۋە دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدا ـ رىسى تەرىپىدىن تەقدىرلەندى.

6) دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى باش قوماندانلىق شتابىنىڭ تەلىپى بويىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدىن بېيجىڭغا بېرىپ بۇ نۆۋەتلىك تەنھەرى ـ كەت يىغىنىغا قاتنىشىدىغان خادىملار سىياسىي جەھەتتىن قاتتىق تەكشۈرۈل ـ دى ھەمدە دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىدىغان تۈرلۈك ۋە ـ زىپىلەر ئوڭۇشلۇق ئورۇندالدى.

2. يىغىن ئەھۋالى

مەملىكەتلىك 6 ـ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ لاسادا ئۆتكۈزۈلگەن تارماق مۇسابىقە مەيدانىغا بارغان شىنجاڭ ۋە ـ كىللەر ئۆمىكى 12 ئادەمدىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە 3 نەپەر ئۆمەك رەھبىرى (ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى يولداش لىيۇ يەنچىڭ ئۆمەك باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مۇ ـ دىرى ئابلىز باقى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى ـ نىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يولداش خې جوڭدې مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى بول ـ دى)، 2 نەپەر خىزمەتچى خادىم، ئات ئۈستى تۇرى تەنھەرىكەتچىسى، كوماندا باشلىقى، تېرىنېر 7 ئادەم بار، بېيجىڭ ـ دىكى ئاساسلىق مۇسابىقە مەيدانىغا بار ـ غان شىنجاڭ ئۆمىكى 48 ئادەمدىن تەر ـ كىپ تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە 8 نەپەر ئۆمەك خادىمى، 10 نەپەر ئات ئۈستى تۇرى تەنھەرىكەتچىسى، 9 نەپەر مىللىيچە چېلىشىش تەنھەرىكەتچىسى، 5 نەپەر ئىلەڭگۈچ تەنھەرىكەتچىسى، 5نەپەر دارۋاز، 6نەپەر ئات ئۈستىدە كۆچ سىنىشىش تەنھەرىكەتچىسى ۋە باشقا5نەپەر خادىم بار. بېيجىڭدىكى

ئاساسلىق مۇسابىقە مەيدانىغا بارغان
شىنجاڭ ئۆمىكىگە ئاپتونوم رايوننىڭ
مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇقادىر نەسىردىن
ئۆمەك باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق
خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كا-
تىپى ئارىپ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مىل-
لەتلەر - دىن ئىشلىرى كومىتېتى، ئاپ-
تونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى-
نىڭ ئالاقىدار رەھبەرلىرى مۇئاۋىن
ئۆمەك باشلىقى بولدى. لاسادىكى تارماق
مۇسابىقە مەيدانىدا، ئاپتونوم رايون-
نىمىزدىن بارغان 6 نەپەر تەنھەرىكەتچى
ئات ئۈستى تۈرىدىكى ئات بەيگىسى،
ئات يورغىلىتىش قاتارلىق 7 يەككە
تۈردىكى مۇسابىقىگە قاتنىشىپ، 2 كۈ-
مۈش مېدال 4 نام تەرتىپى بولۇپ جەم-
ئىي 6 مېدالغا ئېرىشتى. بېيجىڭدىكى
ئاساسلىق مۇسابىقە مەيدانىدا، ئاپتونوم
رايونىمىز تەنھەرىكەتچىلىرى ئات ئۈس-
تى تۈرى، مىللىيچە چېلىشىش، ئې-
لەڭگۈچ قاتارلىق 3 مۇسابىقە تۈرى ۋە
دارۋاز، ئات ئۈستىدە كۆچ سىنىشىش
قاتارلىق 2 ئويۇن كۆرسىتىش تۈرىگە
قاتنىشىپ، 5 ئالتۇن مېدال، 2 كۈ-
مۈش مېدال، 5 مىس مېدال ۋە 16 نام
تەرتىپىگە ئېرىشتى. كىشىنى خۇشال-
لاندۇرىدىغان يېرى شۇكى، بېيجىڭ
ۋە لاسادىكى ئومۇمىي نەتىجىمىز: 5
ئالتۇن مېدال، 4 كۈمۈش مېدال ۋە 5
مىس مېدالغا، 6 تۆتىنچىلىككە، 1 بە-
شىنچىلىككە، 3 ئالتىنچىلىككە، 5
يەتتىنچىلىككە، 5 سەككىزىنچىلىككە
بولۇپ جەمئىي 34 مېدالغا ئېرىشتۇق.
بۇنىڭدىن باشقا، ئويۇن كۆرسىتىش تۈ-
رى بويىچە دارۋاز بىرىنچىلىككە، ئات
ئۈستىدە كۆچ سىنىشىش تۈرىدە ئىك-
كىنچىلىككە ئېرىشتۇق، چېلىشىش
كوماندىسى كوللېكتىپ تەنتەربىيە ئەخ-
لاق مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. يەنە 6 نەپەر
تەنھەرىكەتچى تەنتەربىيە ئەخلاق مۇكاپا-
تىغا ئېرىشتى.

ئومۇمەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارت-
كوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈ-
مىتىنىڭ يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىشى ۋە
زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا،
ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر - دىن
ئىشلىرى كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايون-
لۇق تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ ھەمكار-
لىشىشى ۋە ئەستايىدىل تەشكىللىشى،
شۇنداقلا ھەر مىللەت تەنھەرىكەتچىلە-
رىنىڭ جان تىكىپ ئېلىشىشى نەتىجى-
سىدە، شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى ئىك-
كى مۇسابىقە رايونىدىكى مۇسابىقىگە
قاتنىشىش ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەت-
لىك ئورۇنداپ، كۆرنەرلىك نەتىجى-
لەرنى قولغا كەلتۈردى. بۇ ئاپتونوم
رايونىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر
ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ يېڭى
تەرەققىياتقا ئېرىشكەنلىكىنى، ماھارەت
سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتىرىلگەنلىكى-
نى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. تەنھەرىكەت
يىغىنى مەزگىلىدىكى، ئاپتونوم رايون-
لۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئا-
لاقىدار رەھبەرلىرى تەنھەرىكەتچىلەرگە
سەمىمىي غەمخورلۇق قىلدى. 9 - ئاي-
نىڭ 23 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق
پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قېيۇم
باۋۇدۇن، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن
رەئىسى ئابدۇقادىر نەسىردىن شىنجاڭ
ۋەكىللەر ئۆمىكى تۇرۇشلۇق جايغا بې-
رىپ، بېيجىڭدىكى مۇسابىقىگە قاتنى-
شىدىغان ھەر مىللەت تەنھەرىكەتچىلە-
رى، تېرىنېرلار ۋە خىزمەتچىلەرنى يوق-
لىدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلىقى ۋە سالىمىنى، شىنجاڭدىكى 17 مىليون ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سەمىمىي ئۈمىدىنى ئېلىپ كېلىپ، تەنھەرىكەتچىلەرنى رىغبەتلەندۈردى. ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىنى ئاشۇردى. ھەر مىللەت تەنھەرىكەتچىلىرى مۇسابىقە مەيدانىدا تۆرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يەڭدى. مۇسابىقە جەريانىدا، ھېچنىمىدىن قورقماس كۈچلۈك ماھىر بولۇش، جان تىكىپ ئېلىشىش، يارىلانغان بولسىمۇ مۇسابىقىگە قاتنىشىش، چىرىكلىكنى توسۇشتەك نۇرغۇنلىغان تەسىرلىك ئىش ـ ئىزلار بارلىققا كەلدى، تەنھەرىكەتچىلەر شىنجاڭلىقلارنىڭ ئوبرازىنى تىكلىدى، ياخشى ئىدىيۋى ساپاسىنى نامايەن قىلدى.

10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى، شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى 10 نەپەر تەنھەرىكەتچى دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ50يىللىقىنى تەبرىكلەش ئاممۇي نامايىشىغا قاتنىشىپ، پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ كۆزدىن كەچۈرىشىگە سازاۋەر بولدى. كەچتە، ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى بارلىق خادىملار تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى ساليوت كېچىلىكىگە قاتناشتى، ھەمدە مىللىيچە ناخشا ـ ئۇسۇل نومۇرلىرىنى كۆرسەتتى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىش ئارقىلىق، ھەر مىللەت تەنھەرىكەتچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلەر چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئەزاسى بولغانلىقىدىن چەكسىز پەخىرلەندى، ھەر مىللەت تەنھەرىكەتچىلىرىنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش قىزغىنلىقى زور دەرىجىدە كۈچەيدى، ئۇلار چىن دىلىدىن ۋەتىنىمىزنىڭ تېخىمۇ قۇدرەت تېپىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈردى.

3. بىر نەچچە تەسىرات

1) ئۆمەك تەشكىللەش ۋە كوماندا تەشكىللەش جەريانىدا باشتىن ـ ئاخىر تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ ئاساسى تېمىسىنى چۆرىدەپ، تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ ئەھمىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈش لازىم. شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ بۇ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا مۇشۇنداق ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلىشى، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كۈچلۈك قوللىشىدىن بولدى، ھەر مىللەت تەنھەرىكەتچىلىرىنىڭ جان تىكىپ ئېلىشىشى ۋە تېرنېرلارنىڭ جاپالىق تىرىشىشىدىن بولدى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ ھەمكارلىشىشى شۇنداقلا كەڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە خىزمەتچىلىرىنىڭ ئورتاق كۈرەش قىلىشىدىن بولدى. بۇ قېتىمقى تەنھەرىكەت يىغىنى ئارقىلىق، تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزۈشنىڭ ئەھمىيىتى، مەقسىدى ۋە ئالاھىدىلىكىگە قارىتا يېڭى تونۇشقا ئىگە بولدۇق. مەملىكەتلىك 6 ـ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنى مۇشۇ ئەسىردىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق تەنھەرىكەت يىغىنى بولۇپ، بۇ يىغىن يەنە دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش ۋە شىزاڭدا دېموكراتىك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە توغرا كەلدى. بۇ يىغىنىنىڭ لايىسى ۋە

بېيجىڭدە ئېچىلىشىنىڭ سىياسىي ئەھمىيىتى تەنتەربىيە يىغىنىنىڭ ئەھمىيىتىدىنمۇ زور. بۇ بىزدىن تەنھەرىكەت تۈرى مۇسابىقىلىرىنى ياخشى تەشكىللەپلا قالماستىن، يەنە ئېچىلىش مۇراسىمى، مەيدانغا كىرىش مۇراسىمىنىمۇ ياخشى تەشكىللەشنى، مىللەتلەرنىڭ روھىي قىياپىتىنى ۋە رايون ئالاھىدىلىكىنى ھەرقايسى جەھەتلەردىن تولۇق نامايەن قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەردە تەجرىبە ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ئېچىلىش مۇراسىمىنىڭ ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ، مەدەنىيەت مەزمۇنىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيىسىدىكى گەۋدىلىك رولىنى تولۇق تونۇپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئىش بېجىرىشتە چىڭ تۇرۇش بىلەن خىزمەت سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

2) مەملىكەتلىك 6 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنى ئارقىلىق، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ ئۇل خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشنىڭ لازىملىقىدىن ئىبارەت بىر ئاساسىي يەكۈنگە ئېرىشتۇق. بۇ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا، ئەسلىدىكى ئۈستۈنلۈككە ئىگە تۈرلىرىمىز قاتتىق خىرىسقا دۇچ كەلدى، يېڭى ئۈستۈنلۈككە ئىگە تۈرلەرنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە ھۆجۇتقا چىقىرىش ئاسان ئەمەس، كونا تەنھەرىكەتچىلىرىمىز چېكىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ، يېڭى كوماندا ئەزالىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە مەلۇم جەريان كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە ئىشلىرىدىكى تىركىشىشنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، تېرنېرلارغا قويۇلىدىغان تەلەپمۇ يۇقىرىلاپ كەتتى. بۇ ئەھۋاللارنىڭ كۆرۈلۈشى بىزنى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە ئىشلىرىدىكى ئۇل خىزمىتىگە تولۇق ئەھمىيەت بېرىشكە مەجبۇرلىدى. شۇڭا، ئالدى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت تۈرلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى پائال چىڭ تۇتۇپ، مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان تۈرلەرنىڭ دائىرىسىنى تەدرىجىي كېڭەيتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز كېرەك. ھەمدە ھازىرقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ بەزى كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، يۇقىرى ساپالىق ئاز سانلىق مىللەت تەنتەربىيە ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشىمىز كېرەك. مەسىلەن: قەشقەر تەنتەربىيە مەكتىپىدە مىللىيچە چېلىشىش تۈرى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسىنى، ئىلى ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە مەكتىپىدە ئات ئۈستى تۈرلىرى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسىنى، سانجى ئوبلاستلىق تەنتەربىيە مەكتىپىدە ئىلەڭگۈچ تۈرى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسىنى تەسىس قىلىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيىسىدىكى ئۈستۈنلۈككە ئىگە تۈرلەرنىڭ رىقابەتلىشىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەنتەربىيە مەكتىپىدە تېرنېر، رېپېرلارنى تەربىيىلەش كۇرسى تەسىس قىلىش

لازىم. بۇنىڭدىن باشقا، قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار بىلەن بولغان ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئارتۇقچىلىقلارنى قوبۇل قىلىپ يېتەرسىزلىكلەرنى تولۇقلاپ، مۇسابىقىگە قاتنىشىش تەجرىبىمىزنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىشىمىز كېرەك.

3) ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيىسى بويىچە نەمۇنىچىلارنى بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنتەربىيىسى خەلقنىڭ تەن ساغلاملىقىنى ئۆستۈرۈش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مىللىي روھنى ئۇرغۇتۇش، سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق، پۈتۈن جەمئىيەت ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئۇنى قوللايدىغان ياخشى كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە ئىشلىرىنى جەمئىيەت ئۇيۇشتۇرىدىغان يولدا مېڭىش ئۈچۈن ئۇل سېلىشىمىز كېرەك. ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە ئىشلىرى بويىچە نەمۇنە ئورۇن بەرپا قىلىش، ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە ئىشلىرى بويىچە نەمۇنە شەخس بولۇشنى تالىشىش پائالىيىتى ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم بىر يول. نەمۇنىچىلارنى بەرپا قىلىش پائالىيىتى ئارقىلىق، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت تۈرلىرىنى يەنىمۇ ئومۇملاشتۇرۇش، مۇئەسسەسەلەرنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش، باشقۇرۇشنى يەنىمۇ ئىلمىيلاشتۇرۇش، مۇسابىقىلىشىشنى تېخىمۇ قېلىپلاشتۇرۇش لازىم. تەقدىرلەنگەن يولداشلارنىڭ بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلەر جەريانىدا، ئىلگىرىكىدەك نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە ئىشلىرى ئۈچۈن يېڭى تۆھپىلەرنى قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

يولداشلار، گەرچە مەملىكەتلىك 6- نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ خىزمەتلىرى ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، لېكىن، ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋەزىپىسى يەنىلا ئىنتايىن مۇشكۈل. بىز بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، مەغرۇرلۇق، ئالدىراقسانلىقتىن ساقلىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشىشى ئۈچۈن تىرىشايلى.

ئاخىرىدا، يولداشلارنىڭ يېڭى بىر ئەسىردە خىزمىتىنىڭ ئۇتۇقلۇق، تېنىنىڭ سالامەت، ئىشلىرىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشىغا تىلەكداشمەن.

كۆپچىلىككە رەھمەت.

مەسئۇل مۇھەررىرى:
ئەركىن ئىمىنىياز

ئۆركىنقان ساتارباي

# دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىلى ئوبلاستلىق مىللەتلەر خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەيلى

نۆۋەتتە، ئوبلاستىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، چوقۇم دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتىرىپ، پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيى ۋە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى تەكشۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇشىمىز، ئوبلاستىمىزنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتى جەھەتتە كۆرۈلگەن يېڭى ئەھۋال يېڭى مەسىلىلەرگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، خىزمەت سالمىقىنى ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

## I . مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئاساسىي تېمىسىنى ئېگىلىۋېلىپ، ئىقتىساد تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئاپتونوم ئوبلاستىمىز بىلەن تەرەققىي قىلغان رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات پەرقىنى كىچىكلىتىشنى قولغا كەلتۈرۈش

مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئاساسىي تېمىسى ئىتتىپاقلىق، ئىلگىرىلەش، مۇقىملىق، تەرەققىيات، ئىتتىپاقلىقنىلا تەكىتلەپ، ئىلگىرىلەشنى تەكىتلىمىسەك بولمايدۇ؛ مۇقىملىقنىلا تەكىتلەپ، تەرەققىياتنى تەكىتلىمىسەكمۇ بولمايدۇ؛ ئىلگىرىلىمەي تەرەققىي قىلماي، ئىقتىساد بىر ئىزداتوختاپ، ئۇزۇن مۇددەت نامراتلىق بېسىپ تۇرسا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا تەسىر يېتىدۇ، جەمئىيەت مۇقىم بولمايدۇ. شۇنداقلا «توققۇزىنچى بەش يىللىق» پىلانىنىڭ ئورۇنلىنىشىغا ۋە 2010 - يىلغىچە بولغان يىراق مەزگىللىك نىشاننىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغىمۇ تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئىلگىرىلەش، تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرىمىز دەيدىكەنمىز، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئەمما نۆۋەتتە، ئىسلاھات ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا، بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، مىللىي رايونلىرىمىز بىر تۈرلۈك پەۋقۇلئاددە گەۋدىلىك مەسىلىگە يەنى، مەملىكىتىمىزنىڭ تەرەققىي قىلغان رايونلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، ئىقتىسادىي تەرەققىيات پەرقىنىڭ بارغانسېرى چوڭىيىپ بېرىش مەسىلىسىگە دۇچ كەلمەكتىمىز. «پەرقنى كىچىكلىتىپ، ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىش» نۆۋەتتىكى مىللەتلەر خىزمىتىدىكى نۇقتىلىق مەسىلە بولۇپ قالدى. «ئورتاق بېيىش، ئورتاق گۈللىنىش» ئەسىر ھالقىيدىغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى ئىشلىرىدىكى تۈپ ۋەزىپىگە ئايلاندى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «سوتسىيالىزم پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئورتاق بېيىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ، ئۇلارنى

ئىككى قۇتۇپقا ئايرىۋېتىشنى مەقسەت
قىلمايدۇ» دېگەن ئىدى. باش شۇجى
جياڭ زېمىنمۇ كۆپ قېتىم تەكىتلەپ:
«پەرق مەسىلىسىگە يۇكسەك دەرىجىدە
ئەھمىيەت بېرىش ھەم ئۇنۇملۇك تەدبىر
قوللىنىپ ئۇنى ھەل قىلىش كېرەك»
دېگەن ئىدى. ئىقتىساد جەھەتتىكى مە-
سىلىلەر ئۇزۇن مەزگىل ھەل قىلىنمى-
سا ئۇ ئىجتىمائىي مەسىلىدە ئەكس ئې-
تىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن، بىز چوقۇم
ئورتاق بېيىش يولىدا قەتئىي مېڭىشى-
مىز، پەرقنى كىچىكلىتىپ، ماس قە-
دەمدە تەرەققىي قىلىپ، ئوبلاستىمىز-
نىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات قەدىمىنى
تېزلىتىشىمىز لازىم.

ئوبلاستىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تە-
رەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىپ، مەملى-
كىتىمىز ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ تەرەق-
قىي قىلغان رايونلىرى بىلەن بولغان
پەرقنى كىچىكلىتىشتە، بىرىنچىدىن،
ئىدىيىنى ئۇزلۇكسىز ئازاد قىلىپ، دا-
دىللىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىپ، كۈچ-
لۇك ئىسلاھات ئېچىۋېتىش ئېڭىنى
تۇرغۇزۇپ، تەرەققىي قىلغان رايونلار
بىلەن بولغان قاراش جەھەتتىكى پەرقنى
كىچىكلىتىشىمىز لازىم؛ ئىككىنچى-
دىن، «تەرەققىياتنى تېزلىتىش» ست-
راتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، ئۆز جاي-
مىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات لايىھى-
سىنى تۈزگەندە، ئوبيېكتىپ ئەمەلى-
يەتنى چىقىش قىلىپ، ئۆزگىچە سىيا-
سەت ۋە تەدبىر قوللىنىپ، ئىقتىسادىي
تەرەققىيات سۈرئىتىنى باشقا رايونلار-
دىن تېزلىتىشىمىز لازىم؛ ئۇچىنچى-
دىن، دۆلەتنىڭ سىياسەتتە غەربىي را-
يونلارغا ئېتىبار بېرىشتەك غەنىمەت
پۇرسەتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئا-
ساسىي ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى ۋەمالىيە
مەنبەئەلىك تايانچ تۈرلەرنى ياخشى ئې-
لىپ بېرىشىمىز لازىم؛ تۆتىنچىدىن،
ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش،
جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشتەك ئېسىل
ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئوبلاستى-
مىزنىڭ زېمىنى كەڭ يېرى مۇنبەت،
سۇ، تۇپراق، كۈن نۇرى، ئىسسىقلىق
بايلىقى مول، دېھقانچىلىق، چارۋىچى-
لىق ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش
يوشۇرۇن كۈچى زور بولۇشتەك ئەمەلى-
يىتىدىن چىقىش قىلىپ، ئىشلەپچىقى-
رىش قۇرۇلمىسىنى زور كۈچ بىلەن
تەڭشەپ، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى،
قەنتچىلىك خام ئەشياسى، ئاشلىق قا-
تارلىق ئۇچ بازا قۇرۇشنى چۆرىدەپ،
تەرەققىيات لايىھىسىنى ياخشى تۈزۈپ
بايلىق ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش-
نى بازار ئېھتىياجى بىلەن بىرلەشتۇ-
رۇپ، ئىقتىسادنى يۇكسەلدۇرۇش فور-
مىسىنى ئۆزگەرتىشكە دىققەت قىلىپ،
ئۇنۇم ۋە سۈپەتنى ئاشۇرۇپ، ئوبلاستى-
مىزنىڭ چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى،
قەنتچىلىك خام ئەشياسى، ئاشلىق
ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە مەملىكىتى-
مىزنىڭ ئوخشاش تۈردىكى مەھسۇلاتلى-
رى ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتىنى ئا-
شۇرۇپ، ئوبلاستىمىزنى ئاپتونوم رايو-
نىمىز ھەتتا مەملىكىتىمىزنىڭ يۇقارقى
3 خىل مەھسۇلات بازىسى قىلىپ قۇ-
رۇپ چىقىشنى نىشان قىلىشىمىز، ئوب-
لاستىمىزنىڭ بايلىق ئەۋزەللىكىنى
ئىشلەپچىقىرىش ئەۋزەللىكىگە ئاندىن
ئۇنى ئىقتىساد ئەۋزەللىكىگە ئايلاندۇرۇ-
شىمىز كېرەك؛ بەشىنچىدىن، چېگرا
سودىسىنى داۋاملىق زور كۈچ بىلەن
راۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

**Ⅱ. پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى ۋە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نى ھەقىقىي تۈردە ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش**

پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇشتا، يېڭى ئەھۋاللارغا ماسلىشىشقا توغرا كېلىدۇ. پارتىيىمىزنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى يەنى، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ئىتتىپاقلىق، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە، مىللىي كادىرلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىقلارنى ئۇزۇنغىچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش زۆرۈر، ئەمما بىر قىسىم مىللەتلەر ئىقتىسادىغا ئائىت سىياسەتلەر ئەھۋالغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، بۇ خىل ئۆزگىرىشمۇ زۆرۈر. مېنىڭچە، نۆۋەتتە ئىشلەشكە تېگىشلىك يېڭى ئەھۋال، يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ، 15 ـ قۇرۇلتاينىڭ تەلىپى بويىچە، «پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش»، نۆۋەتتىكى ئەمەلىي ئەھۋاللارغا ئاساسەن، مىللەتلەر سىياسىتىدە، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ئاساستا، يەنىلا ئۆز ئۈنۈمىنى كۆرسىتىۋاتقان سىياسەتلەرنى يەنە داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇش؛ قىسمەن ئۈنۈمگە ئىگە سىياسەتلەرنى ئۆز ۋاقتىدا ئۆزگەرتىپ، تولۇقلاپ، مۇكەممەللەشتۈرۈش؛ تامامەن ئۆز كۈچىنى يوقاتقان سىياسەتلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مۇناسىپ يېڭى سىياسەتلەرنى تۈزۈپ، ئورنىنى تولدۇرۇش كېرەك. دېڭ شياۋپىڭ: «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىلا يولغا قويۇپ، ئىقتىساد ياخشىلانمىسا، ئۇ ئاپتونومىيە قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ» دېگەن ئىدى. دېڭ شياۋپىڭ ئىدىيىسىگە ئاساسلانغاندا، ھەقىقىي مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىي جەھەتتىنلا ئىپادىلەنمەستىن، تېخىمۇ مۇھىمى مول ئىقتىسادىي مەزمۇنغا ئىگە بولۇشى كېرەك. چۈنكى «ئاز سانلىق مىللەتلەر تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە دائىرىسىدە مەنپەئەتكە ئېرىشىشنى ئويلايدۇ، بىر قاتار ئىقتىسادىي مەسىلىلەر ھەل قىلىنمىسا، قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىدۇ»، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇشتا، مۇناسىۋەتلىك قانۇن بەلگىلىمىلەر سىستېمىسىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرگەندىن سىرت، ئەڭ مۇھىمى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى ھەقىقىي، ئۈنۈملۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك. ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى قوغداش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتى جەھەتتىكى ئىپادىسى ئەمەلىيەتتە ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قانداق قىلىپ ياخشى بىر تەرەپ قىلىشتا ئەكس ئېتىدۇ. بۇ جەھەتتىكى ھەرقانداق بىر تەرەپلىمىلىك چوقۇم مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. نۆۋەتتە، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئالدىنقى شەرتى

ئاساسىدا، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ قىيىنچىلىقى ۋە مەنپەئەتىنى مۇۋاپىق تۇردە كۆپرەك ئويلىشىش ھەم ئۇلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىش، دۆلەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ئۈچۈنمۇ پايدىلىق.

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» دا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۇرۇشتە، بىرىنچىدىن، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە ئۇنى چوڭقۇر چۈشىنىش كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، ئىسلاھات ئېچىۋېتىش، تەرەققىيات سۈرئىتىنى تېزلىتىشنى نۆۋەتتە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۇرۇشتىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە قىلىش كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئۇنى كۈچەيتىش كېرەك؛ تۆتىنچىدىن، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. نۆۋەتتە ئوبلاستىمىز ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئارىسىدا پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى كادىرلىرى يەنى مەمۇرىي كادىرلار كۆپ بولۇش، ئىقتىساد، كەسپىي تېخنىكا كادىرلىرى ئاز بولۇشتەك ئەھۋالغا ئاساسەن، تەدبىر بەلگىلەپ، تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش كۈچ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىسادنى چۈشىنىدىغان، باشقۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە يۇقىرى ساپالىق ئىقتىساد، تېخنىكا كادىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش كېرەك؛ بەشىنچىدىن، قانۇن – تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئاپتونوم ئوبلاستىمىزنىڭ «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە يولغاقويۇش نىزامىنى تېزدىن تۈزۈپ چىقىش كېرەك.

## Ⅲ. مىللەتلەر ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەش

مىللەت تەرەققىي قىلىمەن دەيدىكەن، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىن سىرت، ئىجتىمائىي تەرەققىيات بىلەنمۇ ماس قەدەم ئېلىشى كېرەك. پارتىيە 14- نۆۋەتلىك 6 - ئومۇمىي يىغىنى «قارارى» دا ئېنىق قىلىپ: دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈنلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا پايدىلىق بولغان بارلىق ئىدىيە ئەخلاقلارغا ئىلھام بېرىش ۋە ئۇنى قوللاش كېرەك؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشنى يېڭى دەۋردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىش كېرەك؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش تەربىيىسىنى كۈچەيتىشتە، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى ۋە دىن سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇش، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە دىن قارىشىنى تەشۋىق قىلىش كېرەك، دەپ كۆرسەتكەن. بۇ شۇنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى تەربىيىسى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىق تەرەققىياتى ئىشلىرىنىڭ مۇھىم نىشانى ۋە كاپالىتى.

ئوبلاستىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بې-

رىشتا، ئالدى بىلەن ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنى تەشۋىق قىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىدىيە، ئەخلاق ساپاسىنى ئۆستۈرۈشىمىز لازىم. نۆۋەتتىكى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات تارىخى شۇنىڭدەك مىللەتلەر تەرەققىيات تارىخى ۋە دىنىنىڭ ئۆزگىرىش تارىخىنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، مىللەتلەرنىڭ پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ھەم تەن ساپاسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. نۆۋەتتە ئەڭ مۇھىمى «پەن - تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى» دېگەن قاراشنى تۇرغۇزۇپ، پەن - تېخنىكا ۋە مائارىپنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. «دېھقانلارنىڭ ئارىسىدا قىش پەسلىدە پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىپ ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ، كەڭ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىش ۋە چارۋا بېقىش ئېگىنى ئۆستۈرۈش، 9 يىللىق مەجبۇرىي مائارىپ ۋە كەسپىي مائارىپ ئىشلىرىنى ياخشى ئىشلەپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ھەقىقىي تۈردە ئۆستۈرۈپ، «پەن، مائارىپ ئارقىلىق ئوبلاستنى گۈللەندۈرۈش» ستراتېگىيىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. يەنە بىرى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىق ۋە تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنىچىلارنى باھالاش پائالىيەتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى تىپىك شەخس ۋە ئىدارىلەرنىڭ ئىلغار ئىش، ئىزلىرىنى پائال تەشۋىق، قىلىش، تەشۋىق دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، پۈتكۈل ئوبلاستىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە كەڭ دائىرىدە ئېلىپ بېرىش كېرەك.

**IV . مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە ئوبلاستىمىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداش**

شىنجاڭنىڭ تارىخى شۇنى تەكرار ئىسپاتلىدىكى، ھەر مىللەت ئىتتىپاق بولسا، باياشاتلىق، گۈللىنىش بولىدۇ؛ بۆلۈنىدىكەن، قالايمىقانچىلىق، زاۋاللىقتا قالىدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش، باشتىن ئاخىر شىنجاڭنىڭ چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ تەقەززاسى بولۇپ، ئۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

«ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ۋە ئۇنى كۈچەيتىشتە چوقۇم بايرىقى روشەن ھالدا مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كېرەك. مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي مەنپەئەتى شۇنداقلا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە چېتىلىدۇ.» بىز چوقۇم باش شۇجىي جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭدا خىزمەت تەكشۈرگەندە قىلغان

مۇھىم سۆزى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشقا دائىر بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى داۋاملىق چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاساسىي خەۋپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنغا خىلاپ ئېلىپ بېرىلغان دىنىي ھەرىكەتلەردىن كېلىدۇ، دېگەن قاراشنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىكى، مۇرەككەپلىكى ۋە ئوبلاستىمىزنىڭ مۇقىملىقىدىكى مۇھىملىقى شۇنىڭدەك ئۇنىڭ مۇشكۈللىكى قاتارلىقلارنى تولۇق تونۇپ، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئوبلاستىمىزنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك ئەمىنلىكىنى قوغدىشىمىز كېرەك.

بىرىنچى، تەشۋىقات، تەربىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنى يۈكسەك دەرىجىدە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە ئۇلارغا تايىنىش كېرەك. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە قانۇنىڭ ئىززەت ھۆرمىتىنى قوغداش بايرىقىنى جەسۇرانە ھالدا ئېگىز كۆتۈرۈپ، كەڭ كادىر ۋە ئاممىنى يۈكسەك دەرىجىدە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە ئۇلارغا تايىنىپ، ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ تايانچلىرى ۋە ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئۇنسۇرلارنى ئەڭ زور دەرىجىدە يېتىم قالدۇرۇش ۋە ئۇلارغا زەربە بېرىش كېرەك. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرى ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلارغا بولغان تەشۋىقات تەربىيىگە، بولۇپمۇ ئاقما نوپۇس ۋە ئىشسىزلارغا بولغان تەشۋىقات ۋە باشقۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش، يوچۇق (بۆلۈك-پۇچقاقلارنى) قالدۇرماسلىق كېرەك. ياش-ئۆسمۈرلەرگە بولغان ئىدىيە ئەخلاق تەربىيىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، ياش - ئۆسمۈرلەرنى تەشۋىقات، تەربىيە خىزمىتىدىكى مۇھىم ھالقا دەپ قاراپ، ئۇلارغا بولغان دۇنيا قاراش، كىشىلىك قاراش، قىممەت قارىشى شۇنىڭدەك شىنجاڭ تارىخى تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ياش - ئۆسمۈرلەردە دۆلەت ئېڭى ۋە جۇڭخۇا مىللەتلەر بىر پۈتۈن ئېڭىنى يېتىلدۇرۇش كېرەك. مەكتەپ ۋە مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىغا بولغان سېلىنمىنى ئاشۇرۇش، رادىئو - تېلېۋىزىيىنىڭ قاپلاش نىسبىتىنى ئاشۇرۇپ، ئىدىيە مەدەنىيەت سېپىنى مەھكەم ئىگىلەش كېرەك.

ئىككىنچى، مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ تايانچلىرى ۋە زوراۋان تېرورچى ئۇنسۇرلارغا تېزدىن، قاتتىق زەربە بېرىش كېرەك. «ئاكتىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈش، باش چىقارغان ھامان زەربە بېرىش، دۈشمەندىن ئاۋۋال ئىش كۆرۈش» فاڭجېنىدا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، مەسىلىنىڭ چوڭىيىپ تەسىر دائىرە پەيدا قىلىشىغا يول قويماسلىق كېرەك: «زەربە بېرىش بىلەن مۇداپىئەنى بىرلەشتۈرۈش، مۇداپىئەنى ئاساس قىلىش» تا داۋاملىق چىڭ تۇرۇش، ئاممىۋىي مۇداپىئە، باشقۇرۇش تورى ھاسىل قىلىش كېرەك.

ئۈچىنچى، مىللىي مۇناسىۋەت ئىچىدىكى خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى تىرىشىپ قوغداش كېرەك. نۆۋەتتىكى، ئاممىا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغان قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلەرگە ئەھمىيەت

بېرىش ۋە ئۇنى ھەل قىلىش كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، ۋاقىتنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ، ئىككىلەمچى زىددىيەتلەرمۇ ئاساسىي زىددىيەتكە ئايلىنىپ كېتىدۇ.

تۆتىنچى، دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى تېخىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك، كۆپ دىنلىق رايون ئىكەنلىكىنى، مىللىي مەسىلىنىڭ كۆپىنچە دىنىي مەسىلە بىلەن گىرەلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى، مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، چوقۇم دىن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەكلىكىنى ئېنىق تونۇۋېلىش كېرەك.

بەشىنچى، مىللەتلەر، دىن خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى تېخىمۇ كۈچەيتىش كېرەك.

ئوبلاستىمىزدا، مىللەتلەر، دىن خىزمىتى ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ، ئاخبارات، نەشرىياتچىلىق قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەرگە چېتىشلىق بولۇپ، ئۇ پەقەتلا بىرلىكسەپ، دىن خىزمىتى تارماقلىرىنىڭلا خىزمىتى بولۇپ قالماي، پۈتكۈل پارتىيىنىڭ خىزمىتىدۇر. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىشى، مىللەتلەر، دىن خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاپ، مىللەتلەر، دىن خىزمىتىدىكى مۇھىم مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، بىر تەرەپ قىلىشى مۇۋاپىق ۋاقىتلاردا يېتەكلەش خاراكتېرىدىكى پىكىر، تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ تۇرۇشى، خىزمەتلەرگە چوڭقۇر، ئەمەلىي ھالدا يېتەكچىلىك قىلىشى، ھەقىقىي تۈردە مىللەتلەر، دىن خىزمىتىنى پارتكوم ھۆكۈمەت خىزمىتىدىكى مۇھىم ھالقا قاتارىدا چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار مىللەتلەر، دىن خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ تەشكىلىي، ئىدىيە، ئىستىل قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. مەركىزىي كومىتېتنىڭ 7 - نومۇرلۇق ھۆججىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تەلىپى بويىچە، مىللەتلەر، دىن خىزمىتى تارماقلىرىنى كۈچەيتىشى، ھەرگىز ئاجىزلاشتۇرۇپ قويماسلىقى كېرەك. مىللەتلەر، دىن خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ خىزمەتتىكى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشقا كۈچىنىڭ يېتىشىچە ياردەم قىلىپ، ئۇلارنىڭ خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلاشقا ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز خىزمەت فۇنكسىيىسىنى تېخىمۇ ياخشى يۈرگۈزۈشىگە، ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك، ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر، دىن خىزمىتى تارماقلىرىمۇ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە دىققەت قىلىپ، ئۆگىنىشكە، سىياسىغا، توغرا كەيپىياتقا ھەم تۆھپە قوشۇشقا ئەھمىيەت بېرىش جەھەتلەردە كۆپرەك تىرىشىشى، ئىدىيە، قاراشنى يېڭىلاپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، خىزمەتتە يېڭىلىق يارىتىپ، خىزمەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ مىللىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى مەسلىھەتچىلەر شتابىغا ئايلىنىش كېرەك. ھەرقايسى تارماقلار بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەر، دىن خىزمىتىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش كېرەك. مىللەت-

لەر، دىن خىزمىتى جەمئىيەتنىڭ ھەر
تەرەپلىرىگەچېتىشلىق بولۇپ، چېتىش-
لىش دائىرىسى كەڭ، بەزى مەسىلە-
لەرنى كۆپىنچە پەقەت مىللەتلەر، دىن
خىزمىتى تارماقلىرىلا يالغۇز ھەل قى-
لىپ كېتەلىشى ناتايىن، ھەر قايسى
تارماقلار ئۇلار بىلەن ھەمكارلىقنى كۈ-
چەيتىشى، ئۆزئارا ئەھۋال مەلۇم قىلى-
شى، ئۆزئارا قوللىشى كېرەك؛ زور
مەسىلىلەرگە قارىتا، پارتكوم ھۆكۈمەت
ئوتتۇرىغا چىقىپ ماسلاشتۇرۇش ئېلىپ
بېرىپ، بىرلىكتە تۇتۇپ، ئورتاق باش-
قۇرىدىغان ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈرۈ-
شى كېرەك.

ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، تۈر-
لەرگە بۆلۈپ يېتەكچىلىك قىلىشنى
يولغا قويۇش كېرەك، ئوبلاستىمىزنىڭ
ئەھۋالىدىن ئالغاندا، ئوبلاستىنىڭ ئى-
چىدە يەنە ئاپتونوم ناھىيە، مىللىي يېزا
قاتارلىقلار بار بولۇپ، تۈرلەر بويىچە،
مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى-
مىز كېرەك، شۇنداقلا مىللەتلەر ئىت-
تىپاقلىقى ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز ھال-
دا كۆلەم ۋە چوڭقۇرلۇق جەھەتتىن
بىر دەك تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈشىمىز
كېرەك.

يىغىپ ئېيتقاندا، دېڭ شياۋپىڭ-
نىڭ مىللەتلەر نەزەرىيىسىنىڭ مەزمۇ-
نى مول ۋە چوڭقۇر، ئۇ جۇڭگوچە سوت-
سىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ
مۇھىم تەركىبىي قىسمى. بۇ نەزەرىيىۋى
قاراشلار مىللىي مەسىلىنى ھەل قى-
لىشنىڭ تۈپ پرىنسىپلىرى ۋە ئاساسىي
ئۇسۇللىرىنى شەرھىلەپ بېرىدۇ، ئۇ
يېڭى دەۋردىكى مىللەتلەر خىزمىتى
شۇنىڭدەك مىللىي رايونلارنىڭ ئىجتى-
مائىي ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇ-
رۇش جەھەتلەردە ئىنتايىن مۇھىم ئە-
مەلىي يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. دېڭ
شياۋپىڭ نەزەرىيىسى يېتەكچىلىكىدە
داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، يولداش جياڭ
زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي
كومىتېتى ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، پار-
تىيە 15 - قۇرۇلتىيى ۋە باش شۇجي
جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭدا خىزمەتلەر-
نى تەكشۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزى-
نىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇ-
رۇپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، يېڭى
دەۋردىكى مىللەتلەر خىزمىتىنى تىرى-
شىپ ياخشى ئىشلەپ، ئوبلاستىمىز
مىللەتلەر خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يا-
رىتايلى.

ئاپتور: ئىلى ئوبلاستلىق مىل-
لەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىدىن
تەرجىمەت قىلغۇچى:
پەرھات ھەسەن
مەسئۇل مۇھەررىر:
ئەركىن ئىمىنىياز

# «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تىل - يېزىق خىزمىتى نىزامى» نى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ شىخەنزىنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى

شىخەنزە خەنزۇ مىللىتى ئاساس قىلىنغان، ئاز سانلىق مىللەتلەر تارقاق هالدا ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان شەهەر بولۇپ، 38 مىللەتتىن تەشكىل تاپقان چوڭ بىر ئائىلىدۇر. شىخەنزىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 581 مىڭ 900، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى 29 مىڭ بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 5% نى ئىگىلەيدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئومۇمىي جەهەتتىن تارقاق قىسمەن جەهەتتىن توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. شەهرىمىز هەم ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئېچىۋېتىش تىپىدىكى بىۋاستە قاراشلىق شەهىرى، هەم شىنجاڭ هەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرىنىڭ كۆزنىكى. تىل - يېزىقنى توغرا ئىشلىتىش، ئىسلاهات ئېچىۋېتىش، شەهەرنىڭ نام - ئاتىقىنى ئۆستۈرۈش شۇنىڭدەك ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى قاتارلىقلاردا ئىنتايىن مۇهىم ئەهمىيەتكە ئىگە. تۆۋەندە شەهرىمىزنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تىل - يېزىق خىزمىتى نىزامى» نى ئىزچىللاشتۇرۇشقا دائىر ئەهۋاللارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

## I. رەهبەرلىكنىڭ ئەهمىيەت بېرىشى تىل - يېزىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاساسى

1998 - يىلى، باش شۇجى جياڭ زېمىن شىنجاڭدا خىزمەت تەكشۇرگەندە، هەر مىللەت كادىر، ئاممىسىنىڭ ئۆزئارا تىل ئۆگىنىش هەققىدە مۇهىم يول يورۇق بېرىپ، شىنجاڭدىن ئىبارەت كۆپ مىللەتلىك، كۆپ دىنلىق، كۆپ تىللىق رايوندا، قوش تىل ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ ئىنتايىن مۇهىملىقىنى تەكىتلىگەن. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن، شىخەنزە شەهەرلىك پارتكوم تىل - يېزىقنى قېلىپلاشتۇرۇش كۇچ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، شەهەرنى مەركەز قىلىپ، جەمئىيەتتىكى خەت ئىشلىتىش ئەهۋالىغا قارىتا چوڭ تەكشۇرۇش ئېلىپ باردى هەم بۇ خىزمەتنى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى يۈكسەكلىكىدە تونۇدى، ئۇنى شەهەرنىڭ مەدەنىي ئوبرازىنى تۇرغۇزۇشتىكى مۇهىم مەزمۇن دەپ قارىدى هەمدە تىل - يېزىق خىزمىتىنى سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇردى.

كۆپ يىللاردىن بېرى، شىخەنزە شەهەرلىك پارتكوم، هۆكۈمەت رەهبەرلىكى مىللىي تىل - يېزىقنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە قوللىنىشنى تەكشۇرۇش ۋە ئۇنى ئەمەلىيلەشتۇرۇشكە ئانچە ئېتىبار بەرمىگەن ئىدى. 90-يىللارنىڭ باشلىرىدا، شىخەنزە شەهەرلىك پارتكوم (91) 6-نومۇرلۇق ۋە (92) 8-نومۇرلۇق هۆججەت تارقىتىپ، هەرقايسى،

ئىدارە تارماقلارنى ئۆزلىرىنىڭ ۋىۋىس-
كىلىرىگە قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بې-
رىشنى تەلەپ قىلدى. شىخەنزە شەھەر-
لىك مىللىي تىل - يېزىق كومىتېتى
ھۆججەت روھىغا ئاساسەن شىخەنزە شە-
ھەرلىك مىللىي تىل - يېزىق ئىشلە-
تىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋې-
لىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تەشكىل-
لىدى، گۇرۇپپا باشلىقى ۋە مۇئاۋىن
گۇرۇپپا باشلىقىنى شەھەر (دىۋىزىيە)
نىڭ مىللەتلەر، دىن خىزمىتىگە مەس-
ئۇل رەھبىرى ۋە مىللەتلەر دىن ئىش-
لىرى ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى
ئۈستىگە ئالدى. گۇرۇپپا ئەزالىرى شە-
ھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كو-
مىتېتى، ھۆكۈمەت ئىشخانىسى، تەر-
جىمانلار ئىشخانىسى، تۆت كوچا باش-
قارمىسىنىڭ بىردىن رەھبىرى قاتار-
لىقلاردىن تەشكىللەندى. خىزمەت ئىش-
خانىسى شەھەرلىك مىللەتلەر، دىن
ئىشلىرى ئىدارىسىدا تەسىس قىلىندى.
1992 - يىلدىن ئېتىبارەن، شەھەر
(دىۋىزىيە) ھەريىلى تىل - يېزىق
ئىشلىتىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئۆت-
كۈزۈۋېلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى
تەشكىللەپ، ئادەم كۈچى ۋە ماددىي
كۈچ ئاجرىتىپ، ئاز دېگەندە يېرىم ئاي-
چە ۋاقىت سەرپ قىلىپ، پۈتكۈل بوز
يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىنىڭ تىل -
يېزىق ئىشلىتىش ئەھۋالىغا قارىتا بىر
قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك، تەلتۆكۈس تەك-
شۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ھەر يىلى تو-
تۇپ ئىشلەيدىغان، باشقۇرىدىغان ئادەم
بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇردى ھەمدە مىل-
لىي تىل - يېزىقنىڭ توغرا ئىشلىتىلىشىگە
ھەر دەرىجىلىك پارتكوم بىردەك ئەھمىيەت
بېرىدىغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردى.

II تەدبىر بەلگىلەپ، قانۇن
بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش،
مىللىي تىل - يېزىقنى كەڭ، توغ-
را ئىشلىتىش ئىشلىرىنى ئىل-
گىرى سۈرۈشنىڭ ھەقىقىي كاپا-
لىتى

بىرنەچچە يىلدىن بېرى، شەھەرد-
مىز ئىزچىل تۈردە «قوش تىل» خىز-
مىتىنى تەكشۈرۈپ، خىزمەتچىلەرگە
ھەيدەكچىلىك قىلدى، ئۇنى ئەمەلىي-
لەشتۈردى. شۇنىڭدەك خاتالىقلارنى
بايقىغان ھامان ئۆزگەرتىپ كەلدى.
1997 - يىلى ش ت ت (97) 22 -
نومۇرلۇق ھۆججىتىگە ئاساسەن شەھەر
(دىۋىزىيە) مىللىي تىل - يېزىقنىڭ
ئىشلىتىش ئەھۋالىغا بولغان تەكشۈ-
رۈش كۈچ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئىل-
گىرى - كېيىن بولۇپ، تۆت ھۆججەت
تارقاتتى ھەم شىخەنزە شەھىرى (8 -
دىۋىزىيە) نىڭ ھەرقايسى بۆلۈم، كو-
مىتېت، ئىشخانا، ئىدارە، زاۋۇت -
كان، كارخانا، ئالىي مەكتەپ شۇنىڭ-
دەك ئاساسلىق كوچا، ئاممىۋى سورۇن
قاتارلىق 198 ئورۇننىڭ 291 دانە تام-
غىسى، 212 دانە ۋىۋىسكىسى، 309
دانە بۆلۈم (ئىشخانا) تاختىسى، 230
ماشىنىسى شۇنىڭدەك ھۆججەت تىتو-
لى، كونۋېرت، ماقالە قەغىزى، تاۋار
ماركىسى قاتارلىقلاردىكى يېزىق ئىشلە-
تىش ئەھۋالىغا قارىتا ئىنچىكە، ئەتراپ-
لىق تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. تەكشۈ-
رۈش نەتىجىسى تۆۋەندىكىچە: لايەقەت-
سىز ۋىۋىسكا 49 دانە، لايەقەتلىك بو-
لۇش نىسبىتى 29%، پارتكوم ھۆكۈ-
مەت ئورۇنلىرىنىڭ لاياقەتسىز تامغىسى
18 دانە، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى
81%، كونۋېرت، خەت قەغىزىنىڭ

لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 53%، ھۆججەت تىتولىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 50%، تاللاپ تەكشۈرۈلگەن ئورۇن 49 بولۇپ، لاياقەتلىك ئورۇن 34، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى ئاران 3%. يۇقارقىلارنىڭ لاياقەتسىز بولۇش سەۋەبى مىللىيچە يېزىقنى قوللانمىغان ياكى كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرچە يېزىقلاردا خاتالىق كۆرۈلگەنلىكتىن بولغان.

جەمئىيەتتىكى خەت ئىشلىتىشنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئۆلچەملەشتۈرۈش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، شىخەنزە مىللىي تىل- يېزىق خىزمىتى ئىشخانىسى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تىل - يېزىق خىزمىتى نىزامى» ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ (1992) 164 - نومۇرلۇق، شۇنىڭدەك ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى (1993) 017 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، شىخەنزىنىڭ جەمئىيەتتىكى خەت قوللىنىش ئەھۋالىنى مۇددەت ئىچىدە ئۆزگەرتىش ئۇقتۇرۇشى تارقاتتى، مۇددەت ئىچىدە ئۆزگەرتمىگەن ئىدارىلەرگە 1000 يۈەندىن 5000 يۈەنگىچە جىرىمانە قويۇپ، تىل - يېزىق قوللىنىش جەھەتتىكى ئۆلچەمسىزلىك ئەھۋاللىرىنى (قانۇن بويىچە) تەرتىپكە سالدى ۋە ئۆزگەرتتى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، تىل - يېزىق ئىشلىتىشكە بولغان باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى، قانۇننى ئىجرا قىلىش كۈچ سالمىقى ئاشۇرۇلدى. ھەرقايسى ئىدارىلەرمۇ «قوش تىل» نى توغرا ئىشلىتىشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇشقا باشلىدى. تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىنكى لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 90% دىن يۇقىرى بولدى. بۇلتۇر يەنە نۇقتىلىق ھالدا پۈتكۈل شەھەرنىڭ كوچا ئېغىزىدىكى تاختىلار، يول بەلگۈلىرى شۇنىڭدەك كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى بەلگۈلەرگە قارىتا ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ھەم ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلدى. بۇ يىللىق خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى يۇقارقى خىزمەتلەرنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

**Ⅲ ھەرقايسى مىللەتلەرنى ئۆزئارا تىل - يېزىق ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇرۇش ۋە يېتەكلەش، «قوش تىل» ئۆگىنىشنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش، قېلىپلاشتۇرۇش، ئۆلچەملەشتۈرۈش، مۇناسىۋەتلىك ئىجتىمائىي مۇلازىمەت خىزمىتىنى ياخشى قوللىنىشنىڭ مۇھىم كاپالىتى**

تىل - يېزىق ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىش، ھېسسىيات ئالماشتۇرۇشتىكى مۇھىم قوراللىرىدىن بىرى، ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشقاندا، ئۆزئارا تىل - يېزىق ئۆگەنگەندە ئاندىن ئورتاق يۈكسىلەلەيدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن، شىخەنزە شەھىرى 1992 - يىلى تەرجىمانلار ئىشخانىسى (كەسپىي ئورۇن) تەسىس قىلىپ، كەسپ ئىگىلىرىنى سەپلىدى. 1996 - يىلدىن ئېتىبارەن، «قوش تىل» ئۆگىنىش خىزمىتىنى تولۇپ ئىشلەپ، شىخەنزە شەھىرىنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ئاساس سالدى. 1997 - يىلدىن بېرى، «قوش تىل» ئۆگىنىشنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن، شەھەرمىز ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ئۇيغۇر

تىلى ئۆگىنىش كۇرسىدىن 25 قارار
ئېچىپ، 3800 دىن ئارتۇق كىشىنى
تەربىيىلىدى. 1998 ـ يىلى ئاپتونوم
رايونلۇق پارتكومنىڭ «پۈتكۈل ئاپتو-
نوم رايوندىكى كادىرلار ھەرىكەتكە كې-
لىپ، ئۆزئارا تىل ـ يېزىق ئۆگىنىشى
كېرەك» دېگەن يوليورۇقىنىڭ روھىغا
ئاساسەن، «قوش تىل، ئۆگىنىشنىڭ
كۆچ سالىمىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش ئۈ-
چۈن، شىخەنزە شەھەرلىك تەرجىمانلار
ئىشخانىسى شەھەر (دېۋىزىيە) نىڭ ئا-
ساسىي قاتلام ئورۇنلىرىغا ياردەملىشىپ
13 قارار ئۇيغۇر تىلى كۈندىلىك سۆز-
لۈك ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، 2500
ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق كۇرسانتنى تەر-
بىيىلىدى. بۇ كۇرسانتلار «قوش تىل»
ئۆگىنىش تايانچلىرىغا ئايلىنىپ، ئۆ-
گەنگەنلەرنى باشقىلارغا ئۆگىتىپ،
«قوش تىل» ئۆگىنىشنى زور دەرىجىدە
ئىلگىرى سۈردى. شەھەر (دېۋىزىيە)
1998 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن باشلاپ،
كەڭ ئورگان كادىرلىرىنى تەشكىللەپ
ئۇيغۇر تىلىنى ھەرئايدا ئۆگىنىش يەنى
ئېيىغا 10 جۈملە ئۇيغۇرچە كۈندىلىك
سۆزلۈك ئۆگىنىش پائالىيىتى قانات
يايدۇردى. 1999 ـ يىلى يەنە ھۆكۈ-
مەت ئىشخانىسى ياردەم بېرىپ، مەخ-
سۇس خىراجەت ئاجرىتىپ، پارتىيە
ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ھەرقايسى بۆ-
لۈم، ئىشخانىلىرىغا شۇ يىللىق «قوش
تىل» ئۆگىنىش كالېندارى ئېلىپ بې-
رىپ، «قوش تىل» ئۆگىنىش قىزغىن-
لىقىنى قوزغىدى. شەھەر1994 ـ يىل-
دىن 1996 ـ يىلغىچە ئۇدا ئۈچ يىل
«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ
تىل-يېزىق نىزامى» دىن30مىڭ پارچە
بېسىپ، 5-ئايدىكى مىللەتلەر ئىتتىپ-
پاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتى دا-
ۋامىدا جەمئىيەتتە تارقىتىپ، تەشۋىقات
ئېلىپ بېرىپ، خېلى ياخشى تەشۋىق
قىلىش ئۈنۈمىگە ئېرىشتى.

**Ⅳ ئورتاق تىل زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، خەنزۇ تىلىنى قېلىپلاشتۇرۇش ئىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى**

پۈتۈن مەملىكەتتە قېلىپلاشقان
ئورتاق قوللىنىلىدىغان تىلنى ئومۇ-
لاشتۇرۇش، ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي
تەرەققىياتنىڭ ئېھتىياجى شۇنداقلا مىل-
لىي رايونلار ئورۇنداشقا تېگىشلىك
ئىجتىمائىي تارىخىي ۋەزىپە. شەھىرىمىز
پارتكوم، ھۆكۈمىتى ئورتاق تىلنى ئو-
مۇملاشتۇرۇشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بەر-
دى، نەچچە ئون يىللىق تىرىشىش ئار-
قىلىق، بۇ خىزمەتتە زور نەتىجىلەرنى
قازاندى.

بىرىنچىدىن، يېڭى دەۋردىكى
تىل ـ يېزىق خىزمىتىنىڭ ئەڭ ئالدىن-
قى ۋەزىپىسى ئورتاق تىلنى ئومۇملاش-
تۇرۇش ئىكەنلىكىنى، خەنزۇ تىلىنى
قېلىپلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى
مەكتەپتىن باشلاش كېرەكلىكىنى تو-
لۇق تونۇپ يەتتۇق. شۇ مۇناسىۋەت بى-
لەن، شەھەر (دېۋىزىيە) مائارىپ كو-
مىتېتى مەكتەپ دەرسخانىلىرىدا چوقۇم
بىردەك ئورتاق تىل ئىشلىتىش كېرەك
دەپ بېكىتتى. مەكتەپ ۋە جەمئىيەت-
نىڭ ئورتاق تىلنى ئومۇملاشتۇرۇش
خىزمىتىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز-
ئارا ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. مۇنا-
سىۋەت بىلەن ئورتاق تىل شەھىرىمىز
باللار باغچىلىرى ۋە يېزا مەركىزى
باشلانغۇچ مەكتەپىدىن يۇقىرى دەرىجى-
لىك مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىك تىلى

شۇنىڭدەك پېداگوگىكا مەكتەپلىرى ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ تىلىغا ئايلاندى.

ئىككىنچىدىن، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېرىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، شەھىرىمىزدىكى 3 مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ، 4 مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپتە «قوش تىل» ئارقىلىق دەرس ئۆتۈش يولغا قويۇلدى. باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 4 - يىللىقتىن يۇقىرى سىنىپلىرىدا خەنزۇ تىلى دەرسلىكى تەسىس قىلىنىپ «قوش تىل» ئوقۇتۇش يولغا قويۇلۇپ، ئورتاق تىل ئومۇملاشتۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەر قوللىنىپ، كۆپ خىل ۋاستە ۋە كۆپ خىل قاتلاملار ئارقىلىق بىر تۈركۈم مىللىي تىل ۋە قوش تىل ئوقۇتۇش تەجرىبىسىگە ئىگە ئىلغار ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردۇق؛ مىللىي يېزىقتىكى ئوقۇشلۇق ۋە دەرسلىكلەرنى كۆپەيتتۇق شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتى بۇ خىزمەتنى تېخىمۇ كەڭ قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، 1994-يىلى مىللىي مائارىپ تەتقىقات جەمئىيىتى قۇردى.

ئۈچىنچىدىن، رەھبەرلىك كۈچەيتىلدى. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، فۇنكسىيىلىك ئورۇنلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغۇزۇپ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ماسلاشتۇرۇش، ھەمكارلىشىش خىزمىتىنى پائال ياخشى ئىشلىدى. ئورتاق تىلنى ئومۇملاشتۇرۇش، يېزىقنى قېلىپلاشتۇرۇش، خەنزۇ تىلىنى قېلىپلاشتۇرۇش، خەنزۇ تىلىنىڭ پىنيىنىنى قېلىپلاشتۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەر بوشاشتۇرۇلماي ياخشى ئىشلىنىپ، تىل - يېزىق سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇلدى. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، شەھىرىمىزنىڭ ئۆلچەملىك ئورتاق تىلنى كېڭەيتىپ ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى ئاپتونوم رايون بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ.

5. جەمئىيەتتىكى يېزىق ئىشلىتىشكە بولغان باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، خەنزۇچە خەتنى قېلىپلاشتۇرۇش ئىلگىرى سۈرۈلدى.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، ئۆزىچە يېڭىلىق يارىتىدىغانلار كۆپىيىپ قالدى. كوچا بويلىرىدىكى سودا ئورۇنلىرىنىڭ بىر قىسىم ئېلان تاختىلىرى ۋە ماگازىن تاختىلىرىدىكى خەتلەر ئىنتايىن قالايمىقان بولۇپ، ئاساسىي ئىپادىلىرى: كونىچە خەنزۇچە خەتنى زىيادە ئىشلىتىش، ئۆلچەمسىز قىسقارتما خەنزۇچە خەت ئىشلىتىش، ئوخشاش ئاھاڭلىق خەتلەرنى ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىش قاتارلىقلار. جەمئىيەتتىكى خەت ئىشلىتىشنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئۆلچەملىكلەشتۈرۈش ئىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، تۆۋەندىكىدەك تەدبىرلەرنى قوللاندۇق:

1) پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، مەكتەپ، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ بەلگىلىمە، ھۆججەت، ئۇقتۇرۇش، گۇۋاھنامە، تامغا، ۋېۋىسكا، لوزۇنكا يېزىقلىرى، نەشر بۇيۇملىرى يېزىق-

(داۋامى 88 - بەتتە)

# سانجى ئوبلاستى نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى

سانجى ئوبلاستى نامراتلارنى يۆلەش ئىشىنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە دۆلەتنىڭ ئاداققى ئەمىنلىكىنى قوغداشتىكى بىرىنچى چوڭ ئىش دەپ چىڭ تۇتۇپ ئىشلەپ كەلدى. كۆپ يىللاردىن بېرى، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ نامرات ئائىلىلەرنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئائىلىلەر بويىچە ھەرقايسى ئورۇن، ئىدارە ۋە رەھبەرلەرگە بۆلۈپ بېرىپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنى نامراتلارنى يۆلەشكە قاتنىشىشقا ئاتلاندۇرۇش خىزمەت كۈچ سالمىقىنى ئۇنۇملۇك ئاشۇرۇپ، مۇئەييەن ئىجتىمائىي ئۇنۇم ۋە ئىقتىسادىي ئۇنۇمگە ئېرىشتى. نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن قوسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولدى. ئوبلاست بويىچە چارۋىچىلار يېڭى كەنتىدىن 58 قۇرۇلۇپ، 10354 ئائىلىك چارۋىچى مۇقىم ياكى يېرىم مۇقىم ئولتۇراقلاشتى، بۇ چارۋىچىلار ئومۇمىي ئاھالىلار سانىنىڭ 8% نى ئىگىلەيدۇ. 1999 - يىلى، ئوبلاستىدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىشى بېشى كىرىمى 2942 يۈەنگە يەتتى، دۆلەت دەرىجىلىك نامرات ناھىيە مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ كىشى بېشى ئوتتۇرىچە كىرىمى 1000 يۈەنگە يەتتى.

نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىدىكى كونكرېت ئۇسۇل - چارىلەر

1. رەھبەرلىك كۈچەيتىلىپ، ئورگانلار مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. ناھىيە، شەھەر، يېزا، كەنت، گۇرۇپپىلاردا نامراتلارنى يۆلەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، يىل بېشىدا پىلان بولۇش، يىل ئوتتۇرىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش، يىل ئاخىرىدا خۇلاسىسى بولۇش قاتلاممۇ - قاتلام ئەمەللەشتۇرۇش، ئائىلىمۇ - ئائىلە ئۇنۇمى تۇتۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى پۈتكۈل ئوبلاستنىڭ ھاللىنىش نىشانىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىنىپ، نامراتلارنى يۆلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان تارماق ۋە ئىدارىلەرگە كونكرېت تەلەپلەر قويۇلۇپ، خىزمەتلەر پۇختا ئىشلەندى ھەمدە مۇناسىپ نىشانلىق باشقۇرۇش تەكشۈرۈپ باھالاش چارىلىرى تۈزۈپ چىقىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ خىزمەتلىرىگە قارىتا ئورۇنلاشتۇرۇش، تەكشۈرۈپ خۇلاسىلەش ئېلىپ بېرىلغاندا نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىمۇ ئۇنتۇپ قېلىنمىدى، بۇ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنىڭ كۈچ سالمىقى ئاشۇرۇلدى.

2. نامراتلارنى يۆلەشتە دەرىجىلەر بويىچە مەسئۇل بولۇش، تارماق، ئورۇنلار نۇقتا بەلگىلەپ، نامرات ئائىلىلەرنى ھۆددە ئېلىپ يۆلەش تۈزۈمى ئورنىتىلدى. ئوبلاستىمىز ئەمەلىي ئەھۋاللارغا ئاساسەن، پۈتۈن ئوبلاستتىكى 2215 نامرات ئائىلىنى ئائىلىلەرگە ھۆددە بەردى ئالدىن بېيىغانلار كېيىنكىلەرنى يېتەكلىدى، دېھقانچىلىق

رايونلىرى چارۋىچىلىق رايونلىرىغا ياردەم بەردى. نۇقتىلىق ئىدارىلەر باش بولۇپ نۇقتىلىق نامرات كەنتلەرنى ھۆددە ئېلىپ يۆلىدى. نامراتلارنى ھۆددە ئېلىپ يۆلەشكە مۇناسىۋەتلىك ئارخىپلار تۇرغۇزۇلدى، نامراتلارنى يۆلەش مەسئۇلىيەتنامىسى تۈزۈلدى، نامرات ئائىلىلەر ئۈچۈن قىلىپ بېرىلگەن ئەمەلىي ئىشلار ۋە نامرات ئائىلىلەر كىرىمىنىڭ ئېشىش ئەھۋالى خاتىرىلەندى، نامراتلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلمىغىچە مەسئۇل بولغۇچى ئۇنىڭدىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ قويماسلىق ئىشقا ئاشۇرۇلدى. نۆۋەتتە، ئوبلاست بويىچە ھەرقايسى ناھىيە ۋە ھەرقايسى ئورۇنلاردىن 2345 نەپەر كادىر نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىگە قاتنىشىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەربىرى بىر ئائىلىگە مەسئۇل.

3. يېرىك يېزا ئىگىلىكىگە تايىنىپ، ئېچىش تىپىدىكى نامراتلارنى يۆلەش يولىغا قويۇلدى. ئوبلاستىمىز نامراتلارنى يۆلەشتە، بۇرۇنقى «قان بېرىش» شەكلىدىكى يۆلەش ئۇسۇلىنى «قان ھاسىل قىلىش» شەكلىدىكى يۆلەش ئۇسۇلىغا ئۆزگەرتتى. دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە، نامرات دېھقان - چارۋىچىلارنى ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىشقا يېتەكلىدى. چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە، نامرات چارۋىچىلارنىڭ چارۋىچىلىرىنى ئۆز جايلىرىدىكى باقمىچىلىق چوڭ ئائىلىرىگە ھۆددە بېرىپ، ۋاكالىتەن باشقۇرغۇزۇپ، چارۋىلارنىڭ تۇياق سانى كاملاپ كەتمەسلىك شەرتى ئاستىدا ئاينىغان قىسمىنىڭ ئۈچ ئۈلۈشىنى ھۆددە ئالغۇچىغا بېرىپ يەتتە ئۈلۈشىنى ئۆزى ئېلىشتەك ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، نامرات چارۋىچىلارنىڭ چارۋا سانىنى ۋە كىرىمىنى ئاشۇردى. كۆپ يىللاردىن بېرى چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئاساسلىقى چارۋىچىلارنى مۇقىم ئولتۇراقلاشتۇرۇش ۋە ئوتلاق ئاساسىي قۇرۇلۇشى ئىشىنى تۇتۇپ ئىشلەپ، چارۋىچىلاردىكى «يازدا ئاينىپ، كۈزدە سەمىرىپ، قىشتا ئورۇقلاپ، ئەتىيازدا ئۆلۈشتەك» يامان ئەھۋالنى تەل - تۆكۈس ئۆزگەرتىپ: «سوغۇق پەسىلدە بوغۇز بىلەن، ئىللىق پەسىلدە ئوتلىتىپ بېقىش» ئۇسۇلىنى يولغا قويۇپ، دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق بىرلەشتۈرۈلگەن شۇنىڭدەك تېرىش بىلەن بېقىش بىرلەشتۈرۈلگەن يېڭى يولغا مېڭىپ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى ئاشۇردى.

4. نامرات دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، نامراتلىقنى تۈگىتىشتە ئالدى بىلەن نادانلىقنى تۈگىتىش، نامراتلارنى يۆلەشتە ئالدى بىلەن ئىرادە تۇرغۇزۇشقا يۆلەكچىلىك قىلىش كېرەك دېگەن ئىدىيە كۈچەيتىلدى. مەنىۋى جەھەتتىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، ماددىي جەھەتتىكى نامراتلىقنى ھەل قىلىشنىڭ كاپالىتى ھەم نامراتلىقنى تۈگىتىشنىڭ ئاساسى. ئوبلاستىمىز ئىككى قولدا تۇتۇش، ھەر ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، نامرات رايونلارنىڭ مەنىۋى نامراتلىقىنى تۈگىتىشنى، ماددىي نامراتلىقنى تۈگىتىش بىلەن ئوخشاش مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، نامراتلارنى يۆلەشنى مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى بىلەن ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز-

ئارا ئىلگىرى سۈردى ھەم ئورتاق يۈكسەلدۈر-
دى. مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى تۇ-
تۇش جەھەتتە تۆۋەندىكى بىرنەچچە تەرەپ
گەۋدىلەندۈرۈلدى: بىرىنچى، ھەر تۈرلۈك
مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش پائالىيەتلى-
رى، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش
بىلەن بىرلەشتۈرۈلدى. مەنىۋى مەدەنىيەت-
لىك قۇرۇلۇشى نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى-
گە يۇغۇرۇپ كىرگۈزۈلۈپ ھەقىقىي تۇردە
نامراتلىقنى تۈگىتىپ، بېيىش نىشانىغا يې-
تىش مەقسەت قىلىندى؛ ئىككىنچى، يېزا
ئاساسىي قاتلام خىزمىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈ-
لۈپ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا بولغان
سېلىنما ئاشۇرۇلدى، كىتابلارنى يېزىلارغا
چۈشۈرۈپ، مەدەنىيەتنى يېزىلارغا چۈشۈ-
رۈپ، «پەن - تېخنىكا قىشلىقى» قاتارلىق
ئۇسۇللار قوللىنىلىپ، نامرات رايونلارنىڭ
مەدەنىيەت قۇرۇلۇش قەدىمى تېزلىتىپ، ھەر
مىللەت كادىر ئاممىسىنىڭ ھازىرقى ھالەتنى
ئۆزگەرتمىگۈچە بولدى قىلماسلىق، جاپاغا
چىداپ ئىشلەش روھى قوزغىتىلدى؛ ئۈچىن-
چى، سوتسىيالىستىك يېڭى ئىستىل تەشەب-
بۇس قىلىنىپ، ئۆتكەن كۈنگە شۈكرى قى-
لىپ كۈتۈپ ئولتۇرۇش، تايىنىۋېلىش، قول
سۇنۇپلا ئولتۇرۇش ئىدىيىسى يوقىتىلدى؛
تۆتىنچى، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى
ئوبيېكتلىرى ئائىلىلەرگىچە كونكرېت ئە-
مەلىيلەشتۈرۈلدى؛ بەشىنچى، پۈتكۈل جەم-
ئىيەتتىكى ھەر ساھە كۈچلىرى ھەرىكەتكە
كەلتۈرۈلۈپ، نامراتلارغا يار - يۆلەكتە بو-
لۇش پائالىيىتىگە پائال قاتناشتۇرۇلدى. مە-
نىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى پائالىيىتىنى قا-
نات يايدۇرۇش ئارقىلىق، نامرات دېھقان
چارۋىچىلاردىكى كونا ئىدىيە - قاراشلار ۋە
قالاق تۇرمۇش شەكىللىرى ئۆزگەرتىلىپ،
يېڭىچە قىياپەت بەرپا قىلىندى.

كۆپ ساندىكى نامرات دېھقان - چارۋىچىلاردا
نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىنىشقا ئاتلىنىش
ئىشەنچىسى پەيدا بولدى.

5. ھەرخىل ئېتىبار بېرىش سىياسەتلى-
رى تۈزۈپ چىقىلىپ، نامرات رايونلارغا پا-
ئال ئېتىبار بېرىلدى. دېھقانچىلىق جەھەتتە،
نامرات ئائىلىلەرنىڭ دېھقانچىلىق بېجى، بى-
كار قىلىندى ياكى كېمەيتىلدى، دېھقانچىلىق
ماددىي ئەشيا ۋە پەن - تېخنىكىلىق ئۇسۇل-
لار ئېتىبار بىلەن ئالدىن تەمىن ئېتىلدى.
سۇ ئىنشائاتى ئەسلىھەلىرى بىلەن ئالدىن تە-
مىنلەندى. چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش جە-
ھەتتە، نامرات چارۋىچىلاردىن ئېلىنىدىغان
ئوتلاق باشقۇرۇش ھەققى، چارۋا مال ھەم-
كارلىق مۇداپىيە ئىممونىت ھەققى قاتارلىق
ھەقلەر بىكار قىلىندى ياكى كېمەيتىلدى.
ئېسىل چارۋا سورتلىرى ئالدىن ئېتىبار كىر-
گۈزۈلۈپ ئىلمىي ئۇسۇلدا چارۋىچىلىق قى-
لىش ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يار-
دەم بېرىلدى. پەن - تېخنىكا، مائارىپ،
سەھىيە خىزمەتلىرى جەھەتلەردە ئوبكوم،
ھۆكۈمەت كۆپ خىل مۇناسىپ تەدبىرلەرنى
تۈزۈپ، پەن- تېخنىكا كادىرلىرى، ئوقۇتقۇ-
چىلار ۋە مىدىتسىنا خادىملىرىنى نامرات را-
يونلارغا بېرىپ ۋەزىپە بىلەن چېنىقىپ كې-
لىشكە ئىلھاملاندۇردى، نامرات رايونلارغا
بولغان ئىقتىساسلىق خادىملار سېلىنمىسىنى
ئاشۇرۇپ، تېزدىن مەزكۇر جايلارنىڭ قالاق
قىياپىتىنى ئۆزگەرتتى. نامرات رايونلارغا
سېلىنغان نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنىڭ
سوممىسى17مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتتى.

سانجى ئوبلاستلىق مىللەتلەر،
دىن ئىشلىرى كومىتېتى تەمىنلىگەن
پەرھات ھەسەن تەرجىمىسى
مەسئۇل مۇھەررىر:
ئەركىن ئىمىنىياز

ليۇشىنخۇي، لى شاۋلىڭ، فەن يىڭلى

# ئۇيغۇرلار ئەنئەنىۋىلىكتىن ھالقىپ ئۆتۈپ زامانىۋىلىشىشقا قەدەم تاشلىماقتا

*شىنجاڭدا ھازىر 8 مىليون ئۇيغۇر ئاھالىسى بار. بۇلار پۈتۈن شىنجاڭ ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ 45% نى ئىگىلەيدۇ. 50 يىلدىن بۇيان، ئۇيغۇرلار باشقا قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن بىللە شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئىتتىپاقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ كەلدى، بۈگۈنكى كۈندە، دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ماشىناشقان تېرىقچىلىق، يېزىقلىق پارنىكتا مايسا ئۆستۈرۈش، ئەلا سورتلۇق ئۈرۈقلارنى تاللاپ پەرۋىش قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتەك ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ئات، كالا قوشىدىغان، ساپاننى ئادەم تارتىدىغان، كەتمەن بىلەن يەر چاناپ تېرىقچىلىق قىلىدىغان ئەنئەنىۋى ئەمگەك مەشغۇلاتىنىڭ ئورنىغا دەسسىمەكتە. شوخا، ئاشلىق، پاختا قاتارلىق يېزا ئىگىلىك زىرائەتلىرىنىڭ يەككە مەھسۇلاتى ھەسسىلەپ ئاشماقتا. دۆلەت ۋە قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىلىق، شىنجاڭدا زور يۈرۈشلەشكەن نوقتىلىق قورۇلۇش ئېلىپ بېرىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ مۇھىم نېفىت ۋە پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسىغا ئايلانماقتا. نۆۋەتتە، ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىدىن 610 مىڭدىن كۆپرەكى بار بولۇپ، كادىرلىرى 310 مىڭغا يېتىدۇ، بۇ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە سېلىشتۇرغاندا 8 ھەسسىگە يېقىن ئاشقان دېيىشكە بولىدۇ.*

ئۇيغۇرلاردىن چىققان ياش ئالىم خالمۇرات غوپۇر ئامېرىكا، روسسىيە ئىلىم مۇنبىرىدە، ئېنگلىز تىلى ۋە رۇس تىلى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەڭ يېڭى مېدىتسىنا ئىلمىي تەتقىقاتى نەتىجىلىرىنى ئىنتايىن راۋان بايان قىلغاندا، كىشىلەر ھەيرانۇ ـ ھەس نەزىرىدە ئۇيغۇرغا ھەمنەپەس بولىۋاتقان جۇڭگونىڭ زامانىۋىلىشىش سەپىرىدە قولىغا كەلتۈرگەن غايەت زور تەرەققىياتىدىن مەمنۇن بولماي تۇرالمىدى.

8 مىليون ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ كۆپىنچىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ـ شىمالىدىكى بىپايان بوستانلىقتا ماكانلاشقان، قۇم بارخانلىرىنىڭ، چۆل ـ جەزىرىلەرنىڭ بوستانلىقلارنى قامال قىلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزۇن مۇددەت نامراتلىق كۆلەڭگىسى بولۇپ كەلگەن ئىدى.

50 يىلدىن ئىلگىرى يېڭى جۇڭگونىڭ دۇنياغا كېلىشى، ئۇيغۇرلارنى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن تەڭ، قەد كۆتۈرۈپ بەل رۇسلاشنىڭ خۇشاللىقىغا ئىگە قىلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندىن ئىبارەت بۇ تىمسىمال پارتىيىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنىڭ ھەقىقىي يولغا قويۇلۇشى، ئۇيغۇرلارنى باشقا قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن بىرگە تەڭ تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، ئورتاق گۈللىنىشنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشنى ياخشى شەرت ـ شارائىت ۋە پۇرسەت بىلەن تەمىن ئەتتى. ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت زور دولقۇننىڭ كۆتۈرۈلۈشى بىلەن، ئۇيغۇرلار تېخىمۇ زور ئىجادىيەت قىزغىنلىقى ۋە ئېچىۋېتىش روھى بىلەن ئەنئەنىۋىلىكتىن ھالقىپ ئۆتۈپ، زامانىۋىلىشىش دولقۇنىغا تىرىشىپ-تىرمىشىپ ئەگىشىپ،

نەچچە يۈز مىڭ يىل داۋام قىلىپ كەل-
گەن مەۋجۇدات شەكلىنى يىلتىزىدىن
ئۆزگەرتىشكە باشلىدى.

ئەلا سورتلۇق ئۇزۇم ئىشلەپچىقى-
رىلىدىغان «ئوت يۇرتى» دىكى تۇرپان-
لىق روزى نىياز، يىراق - يېقىندا
داڭقى چىققان بىر شەخس. بۇ ئاددىي
ئۇيغۇر دېھقىنى يېقىنقى بىرقانچە يىل
مابەينىدە، ئۇزۇم ئىشلەپچىقىرىشنىڭ
بىرلىك مەھسۇلاتىدا مەملىكەت رېكور-
تىنى ساقلاپ كەلمەكتە. ئۆتكەن يىلى
ئۇ تىكىپ يېتىشتۈرگەن كىشمىش ئۇ-
زۇمنىڭ قۇرۇق ئۇزۇم بىرلىك مەھسۇ-
لاتى 1250kg لىق رېكورىت ياراتتى.
ئۇنىڭ ئۇزۇم پەرۋىشى تەجرىبىسى ھەق-
قىدە گەپ بولغاندا، «ياردەمچى باغۋەن-
چى» تېخنىك ئۇنىۋانىغا ئىگە روزى نى-
ياز ئىنتايىن ئىشەنچ بىلەن: «مېنىڭ
ئۇزۇملىرىم، تەك ئېچىشتىن تارتىپ
ئوغۇتلاشقىچە، مېۋىلەشتىن تارتىپ
چۈنچىدە قۇرۇتىشقىچە ئىلمىي ئۇسۇلدا
مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلىدۇ» دەيدۇ.
روزى نىياز ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ مۇ-
ۋاپىقىيەتلىك ھالدا زامانىۋىلىشىشقا قە-
دەم قويغانلارنىڭ تىپى. بۈگۈنكى
كۈندە، ئۇيغۇر يېزىلىرىدا ماشىنا بىلەن
تېرىقچىلىق قىلىش، سولىياۋ يوپۇق
بىلەن مايسا يېتىشتۈرۈش، ئەلا سورت-
لۇق ئۇرۇقلارنى تاللاپ ئىشلىتىش قا-
تارلىق ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش شەكلى،
ئات، كالىلارنى، كەتمەن بىلەن يەر
يۇمشۇتۇپ تېرىقچىلىق قىلىشتەك ئەن-
ئەنىۋى ئەمگەك مەشغۇلاتى ئۇسۇلىنىڭ
ئورنىنى ئالماقتا، شۇڭا بۇ جايلارنىڭ
ئاشلىق مەھسۇلاتى، پاختا مەھسۇلاتى
ۋە باشقا ئاساسلىق زىرائەتلىرىنىڭ يەك-
كە مەھسۇلاتى ھەسسىلەپ ئاشماقتا.

ئېچىۋېتىلگەن يىللار كىشىلەرنى
مىسلى كۆرۈلمىگەن پۇرسەت بىلەن تە-
مىن ئەتتى، نۇرغۇن ئۇيغۇر دېھقانلىرى
كۆز نۇرىنى تېخىمۇ كەڭ دۇنيا بوشلۇ-
قىغا تىكمەكتە. شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدى-
كى قەشقەر تارىختىكى يىپەك يولىغا
جايلاشقان مۇھىم سودا بازىرى ئىدى،
بۈگۈنكى كۈندە بۇ جاي يەنىلا نۇرغۇن
ئۇيغۇر سودىگەرلىرى توپلىنىدىغان
جاي بولۇپ كەلمەكتە. ئەمما ئۇلارنىڭ
ئارىسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر يەنە بۇ-
رۇنقىدەك پەقەت ئەنئەنىۋى سودا تىجا-
رىتى بىلەنلا شۇغۇللىنىپ قالماستىن
بەلكى ھازىرقى زامان ئەھمىيىتىگە ئىگە
سودىگەرچىلىرىدىن بولماقتا. ئوتتۇرا
ئاسىيا سودىگەرلىرى تەرىپىدىن «تېرە-
خىروم»، «يۇڭ - تىۋىت شاھى» دەپ
تەرىپلەنگەن ئەسقەر ئابدۇللا كىچىك-
دىن تارتىپلا قەشقەردە ياشاپ چوڭ بول-
غانلارنىڭ بىرى ئىدى. 90 - يىللارغا
قەدەم قويۇپ، چېگرا ئېغىزلىرى ئېچى-
ۋېتىلگەن سىياسەت يولغا قويۇلغاندىن
كېيىن، ئەسقەر ئابدۇللا بىز بىلەن
چېگرداش - قوشنا بولغان مۇستەقىل
دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەردە
جانلىنىشقا باشلاپ، دۆلەت ھالقىپ سو-
دا قىلىش بىلەن شۇغۇللاندى. بۈگۈنكى
كۈندە، ئۇنىڭ قولىدىن ئۆتىدىغان تې-
رە، قوي يۇڭى، تىۋىت قاتارلىق زور
مىقتاردىكى چارۋا مەھسۇلاتلىرى ئوبدان
تەڭشەپ سەپلىنىپ، يولغا سېلىنىۋاتى-
دۇ، شۇڭا، بۇ ئۇيغۇر يىگىتى مۇستە-
قىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەت-
لەردە داڭقى چىققان جۇڭگو سودىگىرى-
گە ئايلاندى. ئەسقەر ئابدۇللا بىلەن
ئوخشاش سەرگۈزەشتىكە ئىگە ئۇيغۇر-
لارنىڭ سىماسى بۈگۈنكى كۈندە

جۇڭگونىڭ بېيجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭجو قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردە ۋە دۇنيادا نامى بار چوڭ پايتەخت شەھەرلەردە كۆرۈنمەكتە، ئۇلار ئۇ جايلاردا سودا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھازىرقى زاماننىڭ قىممەت قارىشىنى ئۆز يۇرتىغا ئېلىپ كېلىپ، تېخىمۇ كۆپ ئۇيغۇرلارغا كەلگۈسىنىڭ پارلاق نۇرى بىلەن كىشىلەر قەلبىنى يورۇتماقتا.

زامانىۋىلىشىش ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى ئوقۇمۇشلۇق ئىختىساس ئىگىلىرىگە ئۆز ماھارىتىنى نامايەن قىلىدىغان پۇرسەت يارىتىپ بەرمەكتە. 80 ـ يىللاردىن باشلاپ، تۈركۈم ـ تۈركۈم ئۇيغۇر يىگىتلىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ياۋروپا، ئامېرىكا، ياپونىيە ۋە رۇسسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە بېرىپ، ئۇ جايلاردا قېتىرقىنىپ جاپالىق ئۆگىنىپ ۋە ئىلمىي ئۇنۋانغا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇلار ئىچىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسمى ۋەتىنىمىزگە قايتىپ كېلىپ، تىببىي پەن ئىلمىي، مائارىپشۇناسلىق ۋە ئۆتكۇر تېخنىكىلىق ئىلىم ـ پەنلەرنىڭ يېتەكچى ئۇستازلىرىغا ئايلانماقتا.

«مەملىكەتلىك 10 نەپەر مۇنەۋۋەر ياش» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابىتى تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى خالمۇرات غوپۇر رۇسسىيىدە دۆلەت دەرىجىلىك تىببىي پەن دوكتورى ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ قىيقىلىش تەكلىپى ۋە يالۋۇرۇپ ئېيقىلىش مۇددىئاسىنى ئەپچىل رەت قىلىپ شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تىبابەتچىلىكى، جۇڭيى تىبابەتچىلىكى ۋە ھازىرقى زامان غەرب تىبابەتچىلىكىدىن ئىبارەت 3 نى بىرلەشتۈرۈش بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، جۇڭيىچە، غەربچە، ئۇيغۇرچە تىبابەتچىلىك بىرلەشتۈرۈلگەن تىبابەت ئىلمىي سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تىببىي پەن ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققەت ئېتىۋارىنى قوزغىدى. ئۇ چوڭقۇر مەنىلىك ھېسسىيات بىلەن: «سىرتقا چىقىپ كۆرۈپ كېلىپلا، ئاندىن مىللىي تىبابەتچىلىك مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئۇلۇغلىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلدىم، مېنىڭ مۇۋاپپەقىيەت قازىنىشىم، كەينىمدە ۋەتىنىمنىڭ ۋە ۋەتىنىمنىڭ تىببىي ئىلمىدىن ئىبارەت غايەت زور روھىي مەدەتنىڭ بولغانلىقىدا، سىرتقا چىققانلىقىم ئۈچۈنلا، ئۆزەمنىڭ غورورىدا جۇڭگولۇققا خاس ۋەتەنپەرۋەرلىك ئېڭىمنىڭ ۋە ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش ئويۇمنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىشىگە سەۋەبچى بولدى» دەيدۇ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ قارىشىچە، ئۇيغۇرلار ۋە شىنجاڭدىكى باشقا ئاز سانلىق مىللەت خەلقى ئارىسىدا يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىشىدىن ۋە بىر ـ بىرىگە ياردەم بېرىشىدىن ئايرىلمايدۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى يولغا قويغان ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق تەرەققىي قىلىش، بىردەك روناق تېپىشتىن ئىبارەت مىللىي سىياسىتىدىن ئېلىنغان نەپ، دۆلەتنىڭ كۈچلۈك قوللىشىدىن ئېرىشكەن نەپ،

دېيىشكە بولىدۇ. دۆلەتنىڭ ۋە قېرىن-
داش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ زور
كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا، شىن-
جاڭدا شىنجاڭ ـ لەنجۇ تۆمۈر يولى،
شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى، جەنۇبىي
شىنجاڭ تۆمۈر يولى، ئوتتۇرا تەكلىما-
كان قۇملۇق تاش يولى، شىئەن ـ لەن-
جۇ ـ ئۈرۈمچى خەۋەرلىشىش كابېلى
قاتارلىق زور بىر تۈركۈم نۇقتىلىق قۇ-
رۇلۇش تۈرلىرى پۈتۈپ، جۇڭگونىڭ
مۇھىم نېفىت ۋە پاختا ئىشلەپچىقىرىش
بازىسىغا ئايلاندى. ئىقتىسادىي قۇرۇ-
لۇشنىڭ غايەت زور مۇۋاپپەقىيىتى،
ئۇيغۇرلار ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت-
لەرنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلىرى-
نىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى
سۈردى، نۆۋەتتە، شىنجاڭدا ئۇيغۇرلار-
نى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ئاز سانلىق
مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قوشۇ-
نىنىڭ 610 مىڭدىن ئارتۇق خادىمى
بار، كادىردىن 310 مىڭدىن ئارتۇق خا-
دىمى بار، بۇ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان
دەسلەپكى مەزگىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا
8 ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى، دېيىشكە
بولىدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايو-
نىدىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان
نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە، ئۇيغۇر-
لارنى ئاساس قىلغان مىللىي ئوقۇغۇچى-
لار 64.3% نى ئىگىلىمەكتە.

ئابلەت ئابدۇرېشىت چوڭقۇر ئى-
شەنچ بىلەن، ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىدىكى
ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى
بىر ـ بىرىنى زور كۈچ بىلەن قوللاش
ۋە دۆلەتنىڭ زور ياردىمى ئارقىسىدا،
ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى
سىرتقا ئېچىۋېتىش يىللىرىدا، ئۇيغۇر
خەلقى ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى
يەنىمۇ تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، قېرىن-
داش مىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە، تېخى-
مۇ گۈزەل كەلگۈسىنى كۈتۈۋالغۇسى.

| |
|---|
| تەرجىمە قىلغۇچى: مەخمۇت ئىنايەت<br>مەسئۇل مۇھەررىرى:<br>ئەركىن ئىمىننىياز |

(بېشى 81 ـ بەتتە)

لىرى، تېلېۋىزور ئىكرانىدىكى يېزىقلار،
كومپيۇتوردىكى يېزىقلار، تاۋار قاپلىن-
مىلىرىدىكى چۈشەندۈرۈشلەر، ئېلانلار،
يەرناملىرى، بېكەت ناملىرى قاتارلىقلا-
رىدىكى جەمئىيەتكە قارىتىلغان يېزىقلار
چوقۇم قېلىپلىق، ئۆلچەملىك بولۇشى
كېرەك.

2) ھەر تۈرلۈك مەدەنىيەت تەن-
تەربىيە پائالىيەتلىرى ۋە ھەرخىل يى-
غىنلار، مەسىلەن: تەنتەربىيە يىغىن-
لىرى، ئەدەبىي ـ سەنئەت نومۇرلىرى،
كۆرگەزمە، خاتىرە يىغىنلىرى، تەبە-
رىك يىغىنلىرى قاتارلىقلاردا ئىشلە-
تىلگەن خەتلەر چوقۇم قېلىپلىق، ئۆل-
چەملىك بولۇشى كېرەك.

ئاپتور: شىخەنزە شەھەرلىك مىل-
لەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتىدىن
مەسئۇل مۇھەررىرى:
ئەركىن ئىمىننىياز

• جاۋفىلاڭ •

# رۇس مىللىتى پەن - مائارىپقا تايىنىپ

## گۈزەل يۇرت قۇرماقتا

شىنجاڭ يېزا - ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتې-
تىنىڭ ئوقۇتۇش مۇنبىرىدىن ئايرىلغىنىغا
گەرچە ئون يىل بولغان بولسىمۇ، ئەمما مەك-
تەپتىكى شۇ تەجرىبىخانە يېشى 70 دىن هال-
قىغان ۋ. كوبانوۋۋانى يەنىلا ئۆزىگە جەلپ
قىلاتتى. هازىر ئۇ هەركۈنى تەجرىبەخانىگە
كىرىپ كۆزىتىش ۋە تەتقىقات قىلىش ئىشلى-
رىنى ئېلىپ بارماقتا. چۈنكى بۇ جايدا ئۇ
يېرىم ئۆمرىدىن ئارتۇق يۈرەك قېنىنى سە-
رىپ قىلغان. ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى
بار بولۇپ، ئۇ بۇ نەتىجىلەرنى بالدۇرراق
تاۋارلاشتۇرۇپ، جەمئىيەت ئۈچۈن بايلىق يا-
رىتىشنى ئويلايدۇ.

ۋ. كوبانوۋۋانىڭ خەنزۇچە ئىسمى جاڭ
يۇ شيا، هازىر كۆپچىلىك ئۇنى جاڭ مۇئەللىم
دەپ چاقىرىشقا ئادەتلەنگەنلىكتىن ئۇنىڭ
رۇسچە ئىسمى تىلغا ئېلىنماس بولۇپ قال-
غان. شىنجاڭدىكى نۇرغۇنلىغان رۇسلارنىڭ
ۋ. كوبانوۋاغا ئوخشاش خەنزۇچە ئىسمى بار.
بەزىلەر جاڭ مۇئەللىمدىن نېمە ئۈچۈن سىزگە
جاڭ يۇ شيا دەپ ئىسىم قويغان دەپ سورىغاندا
ئۇ مەن تەگىرىتاغنىڭ قار لەيلىسىنى ياخشى
كۆرىمەن دېگەن. شۇنداقلا قار لەيلىسىنى
سۈنئىي يېتىلدۈرۈشمۇ ئۇنىڭ ئاساسلىق
پەن - تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ بىرى. قار
لەيلىسى سۈزۈك هەم پاكىز بولۇپ، شەپەققە
ئوخشىغاچقا ئۇنىڭ ئىسمى «شيا» (شەپەق)
نامى بىلەن ئاتالغان. تونۇشتۇرۇشلارغا قارى-
غاندا مەملىكىتىمىزدىكى رۇسلاردىن پروفېس-
سورلۇق كەسپىي تېخنىكا ئۇنىۋان ئالغۇ-
چىلار ئىككى نەپەر بولۇپ، ئۇ-
نىڭ بىرى جاڭ يۇ شيا.

1938 - يىلى جاڭ يۇ شيا ئاتا - ئانىسى
بىلەن بىللە رۇسسىيىنىڭ ۋالادىۋاستوك دې-
گەن يېرىدىن شىنجاڭغا كەلگەن. ئۇ چوڭ
بولغاندىن كېيىن يېزا - ئىگىلىك پەن -
تەتقىقات خىزمىتى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللان-
غان، هەمدە مول نەتىجىلەر قازانغان. ئۇنىڭ
ياڭيونى زەبىروغىنىزلاندۇرۇش تېخنىكىسى-
دىكى تەتقىقات نەتىجىسى، شىنجاڭدىن ئىبا-
رەت بۇ بىر خىل ناهايىتى كەڭ كۆلەمدە تې-
رىلىدىغان يېزا - ئىگىلىك مەسهۇلاتىنىڭ
مىقدارىنى زور مىقداردا ئاشۇرغان. جاڭ يۇ
شيا ۋە ئۇنىڭ هەمراھلىرى قار لەيلىسىنى تەت-
قىق قىلىشقا باشلىغاندا دۇنيادا تېخى بۇ تېمى-
نى ئىشلىگەن كىشى يوق ئىدى. ئۇلار ئۇزاق
يىللار جاپالىق ئىشلەپ جانلىقلار توقۇلمىلى-
رىنى يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ،
قار لەيلىسى تەتقىقاتىدىكى بوشلۇقنى تولدۇر-
غان. جاڭ يۇشيادىن شىنجاڭدىكى 10 مىڭدىن
ئارتۇق رۇس خەلقىنىڭ تىرىشچان، ئەمەلى-
يەتچىل، ئىنتىپاقلىشىپ ئىلگىرىلەشتەك
ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراستىنى قىلچەئايى-
ماستىن ئۆزلىرى ياشاپ تۇرغان مۇشۇ تۇپ-
راققا تەقدىم قىلىشتەك روهى ئىپادىلىنىدۇ.

30-يىللاردا رۇس تېخنىكلىرى شىن-
جاڭدا ئالدى بىلەن شوپۇرلۇق ۋە رېمونتچى-
لىق كۇرسلىرىنى ئېچىپ، شىنجاڭ تارىخىدا
ئەڭ بالدۇر ئۇيغۇر ۋە قازاق شوپۇر ۋە رې-
مونتچىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن.
ئازادلىقتىن كېيىن بۇ بىر قىسىم كىشىلەر
شىنجاڭ ماشىنا - ترانسپورت ئورۇنلى-
رىدا غوللۇق كىشىلەر ۋە رەهبەرلەر بو-
لۇپ قالدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ 50 ـ يىللارغا كەلگەندە رۇسلار شىنجاڭدا ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراسەتلىرىنى تېخىمۇ ئەتراپلىق جارى قىلدۇردى. رۇس چارۋىچى مۇتەخەسسىسلىرى ئەلا سورتلۇق ئورۇقلارنى چېتىشتۇرۇش ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭ ئۇچۇن داڭلىق ئالاتاۋ كالا نەسلى، ئوكراينا سۈت كالىسى، ئوكراينا ئاق چوشقىسى قاتارلىق ئالىي چارۋا مال سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى.

شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ بىر گۈزەل يۇرتنى تىرىشچانلىق بىلەن قۇرۇش جەريانىدا رۇس مىللىتىدىمۇ چوڭ ئىلگىرىلەشلەر بارلىققا كەلدى.

ئازادلىقتىن ئىلگىرى رۇسلارنىڭ كۆپىنچىسى ترانسپورت قول ـ ھۈنەرۋەنلىك ۋە يېزا ـ ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىناتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، رۇس مىللىتىدىن زور بىر تۈركۈم پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىي ـ مائارىپ، سەھىيە، پۇل ـ مۇئامىلە ۋە سوغۇرتا قاتارلىق ساھالەردە ئىشلەۋاتقان كەسپىي تېخنىك خادىملىرى بارلىققا كەلدى. ئۈرۈمچى 1 ـ خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋىراچى شى چاڭ فىڭ، شىخەنزى شەھىرىدىكى ليوچىڭ چىنلار ئالاھىدە تۆھپە ياراتقانلىقتىن «جۇڭگو مۇتەخەسسىسلەر ئىسمىلىكى لوغىتى» غا كىرگۈزۈلگەن. جاڭ يۈشيا چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر پارتىيىنىڭ تەربىيىلىشى بولمىغان بولسا، مېنىڭمۇ بۈگۈنۈم بولماس ئەدى»، «50 نەچچە يىل ئىلگىرى دادىسى ياغاچچى بولۇپ، ئانىسى دادىسىغا ياردەملىشىپ سىرچىلىق قىلاتتى. جاڭ يۈشيا شۇ چاغلاردا تىكىمچىلىك ھۈنىرىنى ئۆگىنىپ تىرىكچىلىك قىلماقچى بولغان. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇنىڭ تەقدىرىدە غايەت زور ئۆزگىرىش بولۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ غەمخورلىقىدا ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىتىپ ئالىي مەكتەپكە كىرگەن. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شىنجاڭ يېزا ـ ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىغا تەخسىملىنىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ ئالىي دەرىجىلىك زىيالىغا ئايلانغان. 1982 ـ يىلدىن ھازىرغىچە جاڭ يۈشيا يەنە ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ كەلمەكتە.

بۈگۈنكى كۈندە رۇسلار جۇڭخۇا مىللەتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسىغا ئايلاندى. ئورغۇنلىغان رۇسلار خەنزۇ، شىبە، داغۇر، ئۇيغۇر قاتارلىق باشقا مىللەت كىشىلىرى بىلەن بەختلىك گۈزەل ئائىلىلەرنى قۇردى. رۇسلار كۆپ خىل تىللىق ئەۋزەللىككە ئىگە. ئۇلار ئادەتتە رۇس تىلى، خەنزۇ تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلى قاتارلىق كۆپ خىل تىللارنى بىلىدۇ. رۇسلارنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلانغانسېرى ئۇلار شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ ئىللىق تۇپراقنى تېخىمۇ سۆيمەكتە.

كىشىلەر «بوستانلىقتىكى بۇلبۇل» دېگەن يېقىملىق نامئالغان رۇس يۇقىرى ئاۋازلىق ناخشىچى گالىيە ئېيتقان «قىلمايمەن پۇشايمان غەربنى سۆيگەن دىيارىمغا» ناملىق يېقىملىق ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلىغان چاغدا رۇس خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر قىزغىنلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ.

تەرجىمە قىلغۇچى:
مەخمۇت ئىمنايەت
مەسئۇل مۇھەررىر:
ئەركىن ئىمىننىياز

# بىز جۇڭگولۇق تاتار كىشىلىرى

جاڭ خۇڭچى

28 ياشلىق تاتار يىگىت غالىپ
شىنجاڭ چېگرا سودا شەھرىدە باشقىلار-
نىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە جەلپ قىلىپ
كەلمەكتە. ئۇ ھەم ئۆزى مال مەنبەسى-
نى تەشكىللىيەلەيدىغان ھەم رۇس تىلى
قاتارلىق تىللار ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا
دۆلەتلىرىنىڭ سودىگەرلىرى بىلەن
سۆھبەتلىشەلەيدىغان سودىگەر. شىن-
جاڭ چېگرا سودا شەھرى ھازىر جۇڭ-
گودىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بە-
لەن تاۋار ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بارىدى-
غان ئەڭ چوڭ بازار بولۇپ، بۇ يەرگە
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن
كەلگەن ئىشلەپچىقارغۇچى سودىگەر-
لەر، توپ ساتقۇچىلار ھەم 1000 غا
يېقىن تەرجىمىچىلەر يىغىلغان. غالىپ-
نىڭ ئۆزگىچە تىل ئارتۇقچىلىقىنى ۋە
سودا ئېڭى ئۇنى خۇددى سۇغا ئېرىشكەن
بېلىقتەك بۇ يەرگە جەلپ قىلدى. شىن-
جاڭدا تاتار مىللىتىنىڭ ئومۇمىي سانى
4000 دىن ئاشمايدىغان بولۇپ، تارقاق
ئولتۇراقلاشقان، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت
ساپاسى ئومۇمەن يۇقىرى، كۆپ قى-
سىملىرى مېدىتسىنا، پەن تەتقىقات
ھەم ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا خىزمەت
قىلىدۇ. شىنجاڭ تاتار جەمئىيىتىنىڭ
رەئىسى زارىپ دۆلەتوفنىڭ دېيىشىچە،
تاتارلارنىڭ مەدەنىي - مائارىپقا ئېتىبار
بەرگەنلىكى ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتە ئۆز
كەسپىدىن نەتىجە يارىتىشقا ياخشى ئا-
ساس يارىتىپ بەرگەن. شىنجاڭدىكى
ھەر ساھە ھەركەسپتە تاتار مىللىتى
باشقا مىللەتلەر بىلەن ئىناق، ئىناق
ياشاپ ئىشلىرىنى روناق تاپقۇزۇپ
كەلمەكتە.

غالىپ 1989 - يىلى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شىن-
جاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا خىزمەت
قىلغان. بۇ مەزگىلدە ئۇ باشقىلار بىلەن
ھەمكارلىشىپ «ئىلى تاتار مەكتىپى»
مەخسۇس پروگرامما فىلىمىنى سۈرەتكە
ئالدى. بۇ مەكتەپ تاتارلارنىڭ شىنجاڭ-
دا ئەڭ بۇرۇن ئېچىلغان مەكتىپى بو-
لۇپ، 100 يىللىق تارىخقا ئىگە.
1994- يىلدىن كېيىن ئۇ خىزمەتتىن
چېكىنىپ ئۆز خىراجىتى بىلەن رۇس-
سىيە قازان دۆلەتلىك پېداگوگىكا ئۇنى-
ۋېرسىتېتىغا بېرىپ تاتار ئەدەبىياتى
كەسپىدە ئوقۇپ، ئۆز مىللىتىنىڭ تا-
رىخىنى تەتقىق قىلدى. بۇ مەزگىلدە
يەنە تاتارستان نېفىت گۇرۇھىنىڭ گى-
ئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئىدارىسى،
تاتارستان تاشقى سودا خەلقئارا ھەمكار-
لىق تەرەققىيات مەركىزى ھەم شىنجاڭ
يېڭىلىك سانائەت ئېكسپورت - ئىمپورت
باش شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ
تەرجىمانلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ جۇڭ-
گو- رۇسسىيە سودا ئالاقىسى ۋە تېخ-
نىكا ھەمكارلىقى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك
رول ئوينىغان. 1997 - يىلدىن كې-
يىن، ئۇ چېگرا سودا شەھىرىدە تەرجى-
مىچىلىك قىلغان. ئۆتكەن يىلى يازدا
بارا - بارا تىجارەت يولىنى تونۇپ يەت-
كەن غالىپ ئۆزى خوجايىن بولۇش قا-
رارىغا كېلىپ بىۋاستە ئوتتۇرا ئاسىيا
دۆلەتلىرىنىڭ سودىگەرلىرى بىلەن سو-
دىلىشىپ كەلمەكتە.

تاتارلار تارىختا تاتا، دادەن دېگەندەك
ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن. دادەن دېگەن
ئىسىم دەسلەپتە تاڭ دەۋرىدە پەيدا بولغان

بولۇپ، تاڭ دەۋرىدىن كېيىن جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى نۇرغۇنلىغان قەبىلىلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى بولۇپ قالغان. موڭغۇللار باش كۆتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، تاتارلار موڭغۇللارغا قوشۇلۇپ كەتكەن. 13 ـ ئەسىردە، چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى باتۇ موڭغۇللارنى باشلاپ غەربنى بويسۇندۇرغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ھەم ياۋروپالىقلار يەنىلا ئۇلارنى دادەن دەپ ئاتىغان. باتۇ غەربتە دوناي دەرياسىغىچە، شەرقتە ئېرتىش دەرياسىغىچە بولغان رايوندا قىپچاق خانلىقىنى قۇرغان. 15 ـ ئەسىرگە كەلگەندە قىپچاق خانلىقى تەۋەسىدە ئولتۇراقلاشقان ۋولگا دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدىكى دادەنلەر مۇستەقىل بولۇپ، قازان خاندانلىقىنى قۇرغان. ئۇلار ئۆزلىرىنى موڭغۇللارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى «تاتارلار» دەپ ئاتىغان. شۇندىن كېيىن «تاتار» دېگەن ئىسىم بارا ـ بارا قازان خاندانلىقى ھەم ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى خەلقلەرنىڭ نامىغا ئايلىنىپ، دادەنلەر، موڭغۇللار، بولغارلار بىرىكىش ئارقىلىق تاتار مىللىتى شەكىللەنگەن. 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چارروسىيە تاتارلارنىڭ زېمىنىنى كۆپلەپ تاجاۋۇز قىلىپ ئىگەللىۋالغانلىقتىن بىر قىسىم تاتارلار سىبىرىيە، قازاقستان ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ شىمال قىسمىغا كىرىپ، ئىلى، چۆچەك رايونلاردا تارقاق ئولتۇراقلاشقان. ئۇلار شۇ يەردىكى ئۇيغۇر، قازاق مىللەتلىرى بىلەن تىنچ، ئىناق ياشاپ، تىل جەھەتتىن ئومۇمەن ئۇيغۇرچە ياكى قازاقچىنى ئىشلىتىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ كەلمەكتە.

تاتارلارنىڭ بۇ خىل ئېتنىك تارىخى مۇناسىۋىتى تۈپەيلىدىن نۇرغۇن تاتارلار غالىپقا ئوخشاش شىنجاڭ بىلەن رۇسىيە قازان رايونىنىڭ سودا ئېخنىك ئالاقىسى ئۈچۈن بىر كىشىلىك كۆچ چىقىرىشقا ناھايىتى قىزىقىدۇ. شىنجاڭ يېنىك سانائەت ئېكسپورت ـ ئىمپورت باش شىركىتىنىڭ قازاندا تۇرۇشلۇق سودا ۋەكىلى رازىيەمۇ تاتار بولۇپ، ئۇلار قازاندا بىر پەمىدۇر قاچىلاش شۆبە زاۋۇتىنى قۇرماقچى. غالىپ: «شىنجاڭدىكى كۆپلىگەن تاتارلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قازاندا تۇققانلىرى بار. قازان بولسا ئېغىر سانائەت شەھىرى، دۆلىتىمىزنىڭ يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرى بۇ يەردە ئالقىشقا ئېرىشىپ كەلمەكتە. تاتارلار ئىككى تەرەپنىڭ سودا ئالاقىسىدا ناھايىتى زور رول ئوينىماقتا» دېدى. غالىپ تېخىچە توي قىلمىغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ كېلىچەكتىكى ئايالىنىڭ قايسى مىللەتتىن بولۇشىغا چەك قويمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ نۇرغۇن دوستلىرىمۇ «پىكىر بىرلىكى بولۇپ، ئىككى تەرەپ ئۆز ئارا ئىدىيە جەھەتتىن چۈشۈنىشىپ، چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرۈشسىلا بولىدۇ» دەپ قارىماقتا. غالىپ: «تاتار مىللىتىنىڭ شىنجاڭدىكى تارىخى 100 يىلدىن ئاشتى. بىز جۇڭگودىكى تاتار مىللىتى، بىز كىچىكىمىزدىنلا ئەتراپىمىزدىكى باشقا مىللەت بالىلىرى بىلەن بىرلىكتە چوڭ بولغان. نۇرغۇنلىغان تاتارلار باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىچىك ئائىلە بولۇپ، ئۆز ئارا ئۆگىنىش ۋە رىقابەت بولمىسا تەرەققىيات بولمايدۇ» دەپ قارايدىكەن.

شاۋكەت مەسخوت تەرجىمىسى
مەسئۇل مۇھەررىر:
ئەركىن ئىمىنىياز

# ئۆزبېك مىللىتىنىڭ ساپاسى كۆنسېرى يۇقىرى ئۆرلىمەكتە

ھەر قېتىم يازنىڭ بېشىدىكى تى-
ۋىت يىغىش مەزگىلىدە، خۇشاللىق يە-
نىلا ئۈرۈمچى ناھىيىلىك سايۋۇپۇ يېزى-
سى بەيياڭگۇ كەنتىدىكى 180 دىن ئار-
تۇق ئائىلىدىكى قازاق، ئۇيغۇر چارۋى-
چىلارنىڭ چىرايىدىن جىلۋىلىنىپ تۇ-
رىدۇ، بۇ يىل پۈتۈن كەنتتىكى 9800
دىن ئارتۇق سورتلۇق تىۋىت ئۆچكىلەر-
نىڭ پەقەت تىۋىتىدىنلا بولغان كىرىم
970 مىڭ يۈەنگە يەتتى. چارۋىچىلار
خوشال ھالدا «بۇنىڭغا كۆپ يىللاردىن
بېرى كەنتىمىزدە يېڭى سورتلارنى يې-
تىشتۈرۈپ، يېڭى تېخنىكىلارنى ئۆ-
گەنگەن ئۆزبېك مۇتەخەسسىس ئېرشات
مالىكقا رەخمەت ئېيتىمىز، ئۇ يېتىش-
تۈرگەن يېڭى سورتلۇق تىۋىت ئۆچكى-
سىنىڭ تىۋىتى يەرلىك ئۆچكىنىڭ تى-
ۋىتىغا قارىغاندا 3 ھەسسە ئارتۇق» دې-
دى.

ھازىر ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئۆچكە
تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ ئىشخانا مۇدى-
رى بولۇپ ئىشلەۋاتقان تەتقىقاتچى ئېر-
شات مالىك مال - چارۋا تەتقىقات ساھە-
سىدە كۆزگە كۆرۈنگەن داڭلىق شەخس
بولۇپ قالدى. 20 يىلدىن بۇيان ئۇ
شىنجاڭنىڭ ياۋاتاغ ئۆچكە مەنبەئەسى-
دىن پايدىلىنىپ نەسىللەندۈرۈپ يۆت-
كەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ غەلبىلىك
ھالدا خەلقئارادىكى ئۇزۇندىن بۇيان
ھەل بولماي كېلىۋاتقان ئۆچكە تىۋىتى-
نىڭ مەھسۇلاتى كۆپ، ئەمما تىۋىت
تالاسى توم بولۇشتەك قېيىن مەسىلىنى
ھەل قىلدى. ئېرشات مالىكنىڭ يېتەك-
چىلىكىدە يېتىشتۈرۈلگەن «بوغدا» ئاق
تىۋىت ئۆچـكىسى دۆلەت ئىچى ۋە

سىرتىدىكى بىردىن - بىر مەھسۇلاتى
كۆپ، تىۋىتى ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن
سورتلۇق تىۋىت ئۆچكىسى بولۇپ، نۆ-
ۋەتتە، خەلقئارانىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە
يەتكەن. بۇ تەتقىقات نەتىجىسى شىنجاڭ-
دىكى 28 ناھىيە، شەھەرگە كېڭەيتى-
لىپ 120 مىليون يۈەن ئىقتىسادىي
قىممەت ياراتتى.

بۇ يىل 54 ياشلىق ئېرشات مالىك
تىۋىتلىق ئۆچكە تەتقىقات ساھەسىدە قې-
تىرقىنىپ 20 نەچچە يىل ئىشلەپ
كۆپ قېتىم دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوندا
پەن - تەتقىقات مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ دۆ-
لەت تەرىپىدىن بىرىنچى تۈركۈمدە «ئا-
لاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن مۇتەخە-
سىس» دەپ ئەنگە ئېلىنىدى.

جۇمھۇرىيەتنىڭ قوينىدا ئېرشات
مالىكنىڭ 10 قېرىندىشىنىڭ 9 قىزى
ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تولۇق كۇرسىدىن
يۇقىرى مائارىپ تەربىيىسى كۆرگەن
بولۇپ، ھازىر ئۇلارنىڭ ھەممىسى
شىنجاڭنىڭ مائارىپ، پەن - تەتقىقات،
سەھىيە قاتارلىق ئورۇنلىرىنىڭ غوللۇق
خادىملىرىدىن بولۇپ قالدى. ئېرشات
مالىكنىڭ ئايالى ھازىر شىنجاڭدىكى
ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك بىر دوختۇر-
خانىدا بۆلۈم مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەۋا-
تىدۇ، ئۇلارنىڭ قىزىنىڭ ھەممىسى
شىنجاڭ ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئالىي
مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىندى.

شىنجاڭدا ياشاۋاتقان 20 مىڭغا يې-
قىن ئۆزبېك مىللىتىنىڭ ئىچىدە ئېر-
شات مالىكقا ئوخشاش يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە
زىيالىلار ۋە مۇشۇنداق يۇقىرى ساپالىق بەخت-
لىك ئائىلىلىك ئۆزبېكلەر ئاز ئەمەس.

ئۆزبېك مىللىتىنىڭ نامى 14 ـ ئەسىردىكى موڭغۇل دۆلىتىنىڭ پادىشاھى ئۆزبېك خاندىن كەلگەن. تارىختىكى چوڭ كۆچۈشتە ئۆزبېك خانىنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ بىر قىسمى جەنۇبقا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كۆچكەن، ئۇلارنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتى قويۇق بولغاچقا كېيىن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىن شىنجاڭغا كۆچۈپ بېرىش نەتىجىسىدە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ چوڭ ئائىلىسىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالغان.

شىنجاڭدىكى 20 مىڭغا يېقىن ئۆزبېكنىڭ كۆپ قىسمى شەھەرلەردە ئولتۇراقلاشقان، ھەرقايسى ئالىي بىلىم يۇرتلىرى، پەن ـ تەتقىقات ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەلىرىدىمۇ بىر تۈركۈم ئۆزبېك زىيالىلىرى بار. شەھەردىكى ئۆزبېكلەرگە سېلىشتۇرغاندا 50 يىلدىن بۇيان يېزا ـ قىشلاقلاردا ئولتۇراقلاشقان ئۆزبېكلەرنىڭ تۇرمۇشىدا ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىپ ئۆزلىرىنىڭ باغلىرى، كۆكتاتلىقلىرى ۋە مال ـ چارۋىلىرى بار بولۇپ، تۇرمۇشى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلاندى. چارۋىچىلار ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدە چارۋىچىلىق كۆچمەنلىك تۇرمۇشىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ چىرايلىق قورولارغا كۆچۈپ كىردى. 1987 ـ يىلى ئۆزبېك مىللىتى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مورىي قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ دانەنگۇ يېزىسىدا ئۆزبېك دېھقان، چارۋىچىلار ئۆزلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىنى شەھەرلىرىدىكى تولۇق ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەرگە ئەۋەتىپ ئوقۇتتى. ھەممىدىن كۆزگە كۆرۈنەرلىكى شۇكى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان ئۆزبېك زىيالىلىرىنىڭ نىسبىتى جۇڭگودىكى باشقا ھەرقايسى مىللەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ.

تىببىي ساھەدىكى ئۆزبېك مۇتەخەسسىس مۇرات خوجىنىڭ يۇقىرى تېخنىكىسى ۋە ئالىي جاناپلىق دوختۇرلۇق پەزىلىتى تىببىي ـ سەھىيە ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن شەخس بولۇپ، مەملىكەتلىك سەھىيە سىستېمىدىكى ئىلغار شەخس، مەملىكەتلىك ئۈلگە دەرىجىلىك ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانىدىكى 10 نەمۇنىلىك دوختۇر، مەملىكەتلىك «1 ـ ماي» ئەمگەكچىلەر نەمۇنىسى قاتارلىق نۇرغۇنلىغان مۇكاپاتلارغا ۋە ناملارغا ئېرىشكەن. ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىنىڭ تاشقى كېسەللىكلەر داۋالاش بىرىنچى سېپىدە ساپمۇساق 44 يىلنى ئۆتكۈزدى. ئۆزىنىڭ ئۆسۈپ ـ يېتىلىشتىكى مۇساپىسىنى ئويلىغاندا، ئۇ تەسىرلەنگەن ھالدا، «مەن ئادەتتىكى ئۆزبېك مىللىتىنىڭ ئەۋلادىدىن بىر داڭلىق مېدىتسىنا مۇتەخەسسىسى بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىشىمگە يېڭى جۇڭگونىڭ تەربىيىلەپ يېتەكلىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ» دېدى.

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى، 1951 ـ يىلى 18 ياشلىق مۇرات خوجا ۋە شىنجاڭدىكى بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرى ھۆكۈمەت تەرەپتىن لەنجۇ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى. ئۇ ئىچكىرىدىكى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشىدە بىرىنچى تۈركۈمدىكى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بولغان مېدىتسىنا ساھەسىدىكى تولۇق كۇرسلۇق ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ قالدى.

شىنجاڭغا قايتقاندىن كېيىن مۇرات خو-
جا باشقا ھەر مىللەت خىزمەتداشلىرى
بىلەن ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئۆزئارا يېقىن
ئالماشتۇرۇپ ئورتاق ئىلگىرىلىدى.
44 يىلدىن بۇيان، ئۇ 100 مىڭ ئادەم
قېتىم بىمارلارنى داۋالاپ تەكشۈرۈپ
10 مىڭدىن ئارتۇق بىمارنى ئۆزى مەس-
ئۇل بولۇپ ئوپېراتسىيە قىلدى. ئۇ
تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن ھەرمىللەت
ئوقۇغۇچىلىرى ھازىر شىنجاڭدىكى مې-
دىتسىنا، ساقلىقنى ساقلاش ساھەلى-
رىدە غوللۇق خادىملارغا ئايلاندى.

مۇرات خوجا بۈرۈن 7 - نۆۋەتلىك
ۋە 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق
ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئۇدا
10 يىل شەرەپلىك ھالدا ئۆزبېك مىللە-
تى ۋە مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت
خەلقلىرىگە ۋەكىل بولۇپ دۆلەتنىڭ تە-
رەققىيات پىلانلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇ-
لۇشىغا قاتنىشىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ
چوڭ ئائىلىسىدىكى ئۆزبېكلەرنىڭ كۆز-
دىن - كۆڭگە ئۆزگىرىشىنى بېشىدىن
ئۆتكۈزدى. مۇرات خوجا چەكسىز خو-
شال ھالدا بىزگە «ئۆزبېك مىللىتى ھا-
زىر باشقا مىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە ئۆ-
زىنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە جاپالىق
ئەمگىكى بىلەن گۈزەل تۇرمۇشنى يا-
راتماقتا» دېدى.

ئۆزبېك مىللىتىنىڭ ئاتاقلىق شا-
ئىرى بىلال ئەزىزىنىڭ «گۈزەل پاك
ۋەتىنىمىزنىڭ كەڭ زېمىنىدا، ھەر مىل-
لەت خەلقى بىرلىكتە ئۆزىمىزنىڭ يۇر-
تىمىزنى قۇرۇپ چىقىمىز» دېگەن ۋە-
تەنپەرۋەرلىك شېئىرى ھەر دائىم تەڭ-
رىتاغنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ياشا-
ۋاتقان ئۆزبېكلەرنىڭ ئارىسىدا ياڭرى-
رۇپ ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

شاۋكەت مەسخۇت تەرجىمىسى
مەسئۇل مۇھەررىر:
ئەركىن ئىمىننىياز

(بېشى 96 - بەتتە)

ئاكتىپلىقىنى قوزغىدى. ئوبلاست مىل-
لەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتى ماقا-
لە يېزىش خىزمىتىنى بۇ يىلقى كەسپىي
سىستېمىنى تەشكىللىك باشقۇرۇشتىكى
قاتتىق كۆرسەتكۈچ قىلدى، ھەر پە-
سىلدە بىر قېتىم ئۇقتۇرۇش چىقى-
رىپ، ئۆزئارا ئىلگىرى سۈرۈش مەق-
سىدىگە يېتىشنى بېكىتتى.

يىل بېشىدا، سانجى ئوبلاستى ئۆ-
زىگە قاراشلىق ھەرقايسى ناھىيە، شە-
ھەرلەر بىلەن مەسئۇلىيەتنامە شە-
كىلدە بۇ خىزمەتنى بېكىتىپ چىقتى.
يولغا قويۇلغان بىر ئايدىن بۇيان، سان-
جى ئوبلاستى 30 نەچچە كىشىلىك بىر
ئىختىيارىي مۇخبىرلار قوشۇنىنى قۇ-
رۇپ چىقتى. ھازىر ناھىيە شەھەرلەردە
ماقالە يېزىش قىزغىنلىقى كۆتىرىلىپ،
ھازىرغا قەدەر 30 نەچچە پارچە ماقالە
ئوبلاستقا كېلىپ بولدى.

مۇنەۋۋەر ئابدۇللا تەرجىمىسى
مەسئۇل مۇھەررىرى:
ئەركىن ئىمىننىياز

# سانجى ئوبلاستى ماقالە يېزىشتا يېڭى ئامال تاپتى

بۇ يىل ئەتىيازدىن بۇيان، سانجى ئوبلاستى «مىللەت ۋە دىن» ژۇرنىلىغا ماقالە بېرىشنى مەركەزنىڭ مىللىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، سانجىنى تەشۋىق قىلىش، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش، خىزمەت تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش، ئۆزىنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى چوڭ ئىش دەپ تۇتۇپ، يۇكنى ئارزۇغا ئۆزگەرتىپ، بېسىمنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ دەپ قاراپ، بىرنەچچە يېڭى ئامالنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بىرىنچى، ۋەزىپىنى ئايدىڭلاشتۇردى. ناھىيە، شەھەر بىر يىلدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتى، ئىلمىي ماقالىدىن 2—6 پارچە، خەۋەر ئاخباراتدىن 12 پارچە يېزىشنى بەلگىلىدى. سانىنى ئادا قىلىش بىلەن بىرلىكتە سۈپەتكە چوقۇم كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئىشلىتىش ئۈنۈمىنى 50% كە يەتكۈزۈشنى قولغا كەلتۈرۈشى لازىم. ئىككىنچى، قوشۇننى قۇرۇش ناھىيە شەھەر پارتىيە گۇرۇپپا شۇجىسى، مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى ئىدارە باشلىقى مەسئۇل بولغان خىزمەت كوللېكتىپىنى قۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مىللىي مۇھاجىرلار كومىتېتى، سىياسىي كېڭەشنىڭ مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتى، بىرلىكسەپ بۆلۈمى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى يېزىش ئىقتىدارى ياخشى يولداشلارنى تەكلىپ قىلىپ، ئىختىيارىي مۇخبىرلار قوشۇنىنى تەشكىل قىلدى. قەرەللىك ھالدا، ئۇلارنى «مىللەت ۋە دىن» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلارنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، يېزىقچىلىقتىكى ئاساسىي تەلەپلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ھەربىر ئىختىيارىي مۇخبىرنىڭ يېقىنقى مەزگىلدە يازىدىغان ماقالىلىرىنىڭ تېمىلىرىنى بېكىتتى ۋە بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئادا قىلدى. ئۈچىنچى، ھەسسىلەپ مۇكاپاتلاش، ئەگەر يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇن ئىشلەتسە، ئاپتونوم رايوندىن بەرگەن قەلەم ھەققىدىن باشقا، ئوبلاست ھەربىر پارچە خەۋەر ئاخباراتقا 15 يۈەن، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتى، ئىلمىي ماقالىغا 30 يۈەن مۇكاپات بەرگەن. تۆرتىنچى، ماقالە ئۇيۇشتۇرۇش، ئوبلاست ئىشخانە مۇدىرىنى ئاساس قىلىپ، مىللەتلەر ئىشلىرى بۆلۈمى، دىن ئىشلىرى بۆلۈمى قاتناشتۇرۇپ، ماقالە ئۇيۇشتۇرۇش گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىندى. بىر ـ ئىككى ئايدا بىر قېتىم، ئوبلاستىمىز مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى خىزمىتىدىكى ئالاھىدىلىكى بولغان تېمىلارنى تاللاپ تىزىپ چىقىپ، يېزىقچىلىق تەلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تېلېفون، فاكس ئارقىلىق ناھىيە، شەھەردە ماقالە ئۇيۇشتۇردى. ئاساسىي قاتلام يوللىغان ماقالىلارنى ئوبلاست ماكرولۇق دائىرىدە پىششىقلاپ، مىكرو دائىرىدە تۈزىتىپ، تەشەببۇسكار ھالدا يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇن بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئىشلىتىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئىختىيارىي مۇخبىرلارنىڭ ماقالە يېزىش

(داۋامى 95 ـ بەتتە)

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ چوڭ ئىشلار خاتىرىسى

## 10 - ئاي

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى بويىچە سۈرۈشتىكى ئىلغار شەخس ۋە دىنىي ساھەدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلاردىن 50 نەچچە كىشى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىللەر قاتارىدا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئويۇشتۇرغان دۆلەت بايرىمىنى كۈتۈۋېلىش مانېۋىرىغا ۋە ساليوت كېچىلىكى قاتارلىق پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى داغ - دۇغىلىق تەبرىكلىدى.

شىنجاڭدىن بېيجىڭغا ئويۇن قويۇش ئۈچۈن بارغان ئۆمەك، تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى ساليوت ئېتىش كېچىلىكىدە مىللىيچە ناخشا ئۇسۇل ئورۇنداپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىغا بولغان چوڭقۇر سالىمىنى يەتكۈزدى.

10 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئېچىلغان مەركىزىي كومىتېت مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ 3 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش چوڭ يىغىنىغا قاتناشقان ئاپتونوم رايون ۋەكىللىرى ئايرۇپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن جاڭ ۋېنيۆ، سۇلايمان، مەمتىمىن زاكىر، سېرجا قاتارلىقلار ئايرودرومغا چىقىپ كۈتۈۋالدى.

سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ناخشا - ئۇسۇل ئۆمىكى ئۈرۈمچى خەلق سارىيىدا خۇيزۇلارنىڭ 4 پەردىلىك مۇزىكىلىق دىراممىسى «گۈل - ياش»لىقنى ئورۇندىدى.

10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى دۆلەت پوچتا ئىدارىسى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» خاتىرە ماركىسىنى تارقاتتى. مىللىي ئاپتونومىيىلىك يەرلىك ئورگانلىرىمۇ پۈتۈن مەملىكەتكە ئۆز جايىنىڭ تامغىسى بېسىلغان پوچتا ماركىسى ۋە ئاتكىرتكا تارقاتتى.

10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى رايونىمىزنىڭ ئات مىنىش ماھىرى نۇرجانبېك بېيجىڭدىكى شۈنيى يېزا - كەنت ئات بەيگىسى مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلگەن 99 - يىللىق جۇڭگو ئاتچىلار جەمئىيىتىنىڭ «خۇاجۇن لوڭقىسى» نى تالىشىش تېز سۈرەئەتلىكلەر مۇسابىقىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا، شىنجاڭ كوماندىسى ئۈچۈن تېز سۈرەتلىك چېپىش مۇسابىقىسىنىڭ 40 يىلدىن بۇيانقى تۇنجى چېمپىيونلۇقىنى قولغا كەلتۈردى.

10 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى ئۈرۈمچىدە، «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنىڭ كاتالوگى» نى تۈزۈش خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتې-

تىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شۈي شىجېي كۇرسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ۋە ئوقۇش تاماملاش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى.

10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، چوڭ تىپتىكى مۇزىكىلىق ئۇسۇل «غەربتىكى موڭغۇللار» شىنجاڭ دىراما ئۆمىكى تەرىپىدىن تۇنجى قېتىملىق ئويۇن كۆرسەتتى. «غەربتىكى موڭغۇللار» ناملىق دىرامىدا خەلقلەرگە 200 نەچچە يىلدىن بۇرۇنقى ۋولگا دەرياسى بويىدىن ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن تورغۇتلار ۋە خوشۇتلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ چەكسىز بەخت - سائادەت ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

10 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە بېيجىڭ مىللەتلەر مەدەنىيەت سارىيىنىڭ كاتتا ئويۇن قويۇش زالىدا چوڭ تىپتىكى مىللىيچە ناخشا - ئۇسۇل «بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي» يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەشتىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر قاتارىدا داغ - دۇغىلىق ئورۇندىلىپ، پايتەخت ئاممىسىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ۋە ماختىشىغا سازاۋەر بولدى.

10 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە مەملىكەتلىك 8 - نۆۋەتلىك مىللىي تىل - يېزىق بويىچە تەرجىمانلىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سولايمان، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەمتىمىن زاكىر يىغىنغا كېلىپ تەبرىكلىدى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى 21 خىل تىلدا سۆزلىشىدىغان 22 مىللەتنىڭ تىل - يېزىقى بويىچە، تەرجىمانلىق ساھەسىدىكى 80 نەچچە ئالىم ۋە مۇتەخەسسىسلەر ۋە يېڭى دەۋر تەرجىمە خىزمەتچىلىرى دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تىل - يېزىق بويىچە تەرجىمانلىق خىزمىتى ئۈستىدە ئىلمىي مۇھاكىمە ئېلىپ باردى.

10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل فاكۇلتېتىنىڭ پرافېسسورى رازاق مەمەتنىياز رىياسەتچىلىك قىلغان ھەم تاماملىغان دۆلەتنىڭ «يەتتىنچى بەش يىللىق» پىلانىدىكى ئادەتتىكى تۈرلەر بويىچە «غەربىي يۇرتتىكى تەرجىمانلار تارىخى» ناملىق ئەسەر تۇنجى نۆۋەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر فوند تۈرى مۇنەۋۋەر نەتىجىلەر بويىچە 3 - دەرىجىگە ئېرىشتى.

10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنىڭ 2 - باسقۇچلۇق ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىش، پىكىر - تەلەپلەرنى ئاڭلاش خىزمىتى رەسمىي باشلاندى.

10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، مەملىكەتلىك 6 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تولپار لوڭقىسى بويىچە، باھار شەھىرى كۈنمىڭدە مۇكاپات تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. شىنجاڭدىن ئابدۇرەھمان قاخار قاتارلىق 12 نەپەر يازغۇچى، تەرجىمانلار مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر، قازاق، شىبە، تاجىك قاتارلىقلار بار.

10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى بىلەن، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىلەن دۆلەت ئىقتىساد - سودا كومىتېتى

بېيجىڭ مىللەتلەر مەدەنىيەت سارىيىدا
بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن، پۈتۈن مەملە-
كەتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىل-
لىي رايونلارنىڭ داڭلىق مەھسۇلاتلىرى
كۆرگەزمە يىغىنى رەسمىي ئېچىلدى.
شىنجاڭ كۆرگەزمە ئۆمىكى 41 كارخا-
نىنىڭ يۈزگە يېقىن مەھسۇلاتىنى كۆر-
گەزمىگە قاتناشتۇردى. ئاپتونوم رايون-
نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇقادىر نە-
سىردىن يىغىنغا كېلىپ، شىنجاڭ
كۆرگەزمە زالىنىڭ لاھىيىلىنىش ئەھ-
ۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى، ھەمدە
كۆرگەزمىگە قاتناشقان ئەزالارنى
يوقلىدى.

10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، شىن-
جاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كۇتۇپ-
خانا داغ - دۇغلىق ئېچىلدى. كۇتۇپخا-
نىدا ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتقان كىتاب
سانى 1 مىليون پارچىدىن ئارتۇق، خەن-
زۇ، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، شىبە
تىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ
خىل تىل - يېزىقلىق ماتېرىياللار ساق-
لانغان بولۇپ، مەملىكىتىمىز بويىچە
ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقىدى-
كى كۇتۇپخانا ماتېرىياللىرى ئەڭ مول
بولغان ئاممىباب كۇتۇپخانىنىڭ بىرى
ھېسابلىنىدۇ.

شىنجاڭدا ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش
خىزمىتىنىڭ 50 يىللىق تەنتەنە يىغى-
نى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى، قېيۇم باۋ-
دۇن، مىجىت ناسىر، مەمتىمىن زا-
كىر قاتارلىق ئاپتونوم رايون رەھبەرلە-
رى يىغىنغا كېلىپ تەبرىكلىدى.

10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى مەملە-
كەتلىك 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتى-
يى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 12 - قې-
تىملىق يىغىنى «مەملىكەتلىك خەلق
قۇرۇلتىيىنىڭ بىدئەت تەشكىلاتلارنى
ئەمەلدىن قالدۇرۇش، بىدئەت ھەرىكەت-
لەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە جازالاش
توغرىسىدىكى قارار» نى ماقۇللىدى.

ئۆزبېكىستاندا ئۆتكۈزۈلگەن 20 -
نۆۋەتلىك ئاسىيا بوكس چېمپىيونى لەۋ-
ھە تالىشىش ھەمدە ئولىمپىك مۇسابى-
قىسىگە قاتنىشىشنى ئالدىن تاللاش مۇ-
سابىقىسىدە، رايونىمىز بوكس ماھىرى
ئابدۇرەھمان ئابلىكىم 75 كىلوگرام-
لىقلار بويىچە چېمپىيون بولدى. ھەمدە
مۇۋاپپىقىيەتلىك ھالدا 2000 - يىللىق
ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتنى-
شىش سالاھىيىتىگە ئېرىشتى.

## 11 - ئاي

11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاپتونوم
رايونلۇق مەركەزلىك تۈزەش، تەرتىپكە
سېلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىش-
خانىسى رەھبەرلىك قىلغان، ئاپتونوم
رايونلۇق مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كو-
مىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيە-
سى قاتارلىق ئورۇنلار قاتنىشىپ تۈز-
گەن «ئاممىباب بىلىملەر ئوقۇشلۇقى»
دېگەن كىتابى پۈتۈن شىنجاڭغا تارقى-
تىلدى.

11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئۈرۈمچى
ياش - ئۆسمۈرلەر مەدەنىيەت سارىيىدا
6 - نۆۋەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى
تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنىچىلەرنى تەق-
دىرلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

شەھەرلىك پارتكوم ۋە شەھەرلىك
ھۆكۈمەت، ئۈرۈمچى ناھىيىسى قاتار-
لىق 93 ئىدارىگە «مىللەتلەر ئىتتىپاق-
لىقى تەرەققىياتى بويىچە ئىلغار كول-
لېكتىپ» لولى قاتارلىق 100 شەخسكە
«مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىيا-
تى بويىچە مۇنەۋۋەر شەخس» دېگەن

شەرەپلىك نامنى بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋۇدېڭفۇ ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى يىغىنغا كېلىپ تەبرىكلىدى.

11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىدىيولوگىيە ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش قىلىش مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىدىيولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش قىلىش ۋەزىيىتىنى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلدى. دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قارىتا يېڭى دەۋردە ئىدىيولوگىيە ساھەسىدىكى خىزمەتلەرنى كۈچەيتىشكە دائىر سىياسەت - تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى يىغىنغا قاتناشتى.

11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتى «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى 3 - قېتىملىق ئىدىيىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش، تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىش باسقۇچىنى رەسمىي قانات يايدۇرۇپ يولغا قويدى.

11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتى ئورۇنلاشتۇرغان 2 - قارار «پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئوتتۇرا ۋە ياش دىنىي ۋەزىپىسىدىكى خادىملارنىڭ باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭدا خىزمەت تەكشۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش تەربىيىسى سىنىپى» ئورۇمچىدە رەسمىي دەرس باشلىدى.

شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 40 نەپەر ئوقۇغۇچى ئۆگىنىشكە قاتناشتى.

## 12 - ئاي

12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتى «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنىڭ يەنىمۇ ئەستايىدىل ئۆزگەرتىپ، نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەشتىن ئىبارەت 4 - باسقۇچى رەسمىي باشلاندى.

12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باشلىقى لى پېڭ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئۆتتى ھەمدە تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «داۋاملىق ھالدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، شىنجاڭنى تېخىمۇ ياخشى قىلىپ قۇرۇپ چىقىڭلار».

12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ش ئۇ ئا ر ھەج - تاۋاپ خىزمىتى تېلېفون يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابدۇلىلا ھەمدۇللا 1999 - يىللىق پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ھەج - تاۋاپ خىزمىتى بىرلەشمە يىغىنىنىڭ روھىنى ئوقۇتتۇردى. 2000 - يىللىق ھەج - تاۋاپ خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. ش ئۇ ئا ر مۇئاۋىن رەئىسى مەمتىمىن زاكىر يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى.

12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى ئىسمايىل تىلىۋالدى، ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان 2 - قارا ئوتتۇرا ياش ۋە ياش دىنىي زاتلارنىڭ باش شۇجى جىياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭدا خىزمەت تەكشۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشكە كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنى يوقلىدى.

12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتىدىكى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىرلىكتە ئاۋمىننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى تەبرىكلەش بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش يىغىنى ئۆتكۈزدى.

12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى شىنجاڭ ناخشا - ئۇسۇل ئۆمىكى ئاۋمىنغا بېرىپ ئاۋمىننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىگە ۋە چوڭ تىپتىكى بەزمە «خاۋجىياڭ ناۋاسى» غا قاتناشتى ھەمدە نومۇر كۆرسەتتى.

12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ سىياسىي - قانۇن يىغىنىدا، شىنجاڭنىڭ ئۇزۇن مۇددەت ئەمىن بولۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، تۈپتىن ھەل قىلىش بىلەن يۈزەكى ھەل قىلىشقا ئېتىبار بېرىش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز ئېلىپ بېرىلغان دىنىي پائالىيەتلەرگە زەربە بېرىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش بىلەن بىرگە، يەنە تۈپتىن تۈزەش تەدبىرلىرىنى كۈچەيتىش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ساقلاش، ئاساسىي قاتلام خىزمىتىنىمۇ دەل ۋاقتىدا ياخشى ئىشلەش دەپ تەكىتلەپ ئۆتتى.

12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى شىنخۇا ئاگېنتلىقى ئاۋمىن شۆبە ئاگېنتلىقىنىڭ تەكلىپى بىلەن، ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن چوڭ تىپتىكى مىللىي ناخشا - ئۇسۇل «بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي» نى قويۇش ئۆمىكى ئاۋمىندا ئويۇن قويۇپ تولۇق مۇۋاپپەقىيەتكە ئېرىشتى.

12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى مەملىكەتلىك 6 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنى شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ خۇلاسىلاش چوڭ يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خوجىخان ھاكىموف، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەمتىمىن زاكىر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن كاتىپى ئارىپ ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى يىغىنغا قاتناشتى. مۇكاپاتقا ئېرىشكەن تەنھەرىكەتچىلەر ۋەكىللىرى، كوماندا يېتەكچىسى، تىرېنېرلار، مىللەتلەر تەنتەربىيىسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، نەمۇنىچى شەخسلەر ۋەكىللىرى يىغىنغا قاتناشتى.

«جۇڭگو ئەلنەغمە تۇپلىمى، شىنجاڭ بۆلىكى» نى تۇنجى قېتىم تارقىتىش مۇراسىمى، كۈمۈش ئاستانە مېھمانخانىسىدا داغ - دۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرىشىت تۇنجى قېتىملىق تارقىتىشقا تەبرىك خېتى ئەۋەتتى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەمتىمىن زاكىر ۋە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى

(داۋامى 8 - بەتتە)

# بۆرىكىڭىزدە مەسىلە بارمۇ ـ يوق؟

1. ئازراق سۈيدۈكىڭىزنى بىر ئىستاكان سۈزۈك سۇغا قۇيسىڭىز، ئەگەر سۇ يەنىلا سۈزۈل بولسا، ساغلام ئىكەنلىكىڭىزنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر دۇغلىشىپ قالسا، ياكى ئۈستىدە ماي لەيلەپ قلسا، كوپىنچە بۆرەك زەئىپلىكىنىڭ ئىپادىسى بولىدۇ؛

2. سۈنى نورمال ئىچكەن شارائىتتا، كېچىدە ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق سىيگىلى چىقسىڭىز؛

3. سۈيدۈك كۆچىسىز، تېمىپ چۈشسە؛

4. ئەتىگەن تۇرغاندا كۆز ـ قاپاقلىرىڭىز ئىششىپ قالغان بولسا؛

5. ئېغىر بىر نەرسە كۆتۈرمەي، بىنانىڭ ئۈچ قەۋىتىگە چىقىپ بولغىچە ئىككى پۇتىڭىزدا جان قالمىسا؛

6. ئورۇنداقتا ئىككى سائەتتىن ئارتۇق ئولتۇرۇپ، تېلېۋىزور كۆرگەندە بېلىڭىز ئاغرىسا؛

7. ئاشخانىدا تاماق ئېتىپ بىر سائەتتىن ئارتۇق ئۆرە تۇرسىڭىز، ئىككى پۇتىڭىز تېلىپ كەتسە؛

8. ھەمىشە كۆزىڭىزنى يۇمۇپ ياتقىڭىز كەلسە، مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىشنى ياقتۇرمىسىڭىز، دىققىتىڭىز چېچىلىپ تۇرسا؛

9. چېچىڭىزنى يۇيغاندا كۆپ چۈشۈپ كەتسە؛

10. شامالدۇرغۇچ ئاستىدا ياكى ھاۋا تەڭشىگۈچنى ئېچىپ قويۇپ ئۇخلاپ، ئورنىدىن تۇرغاندا بېلى ئاغرىپ ماغدۇرسىزلىق ھېس قىلسا؛

11. كۆپ چۈش كۆرسە، چۈشىدە ھەم بەك ھارغىنلىق ھېس قىلسا، سەھەردە تۇرغاندا جانسىزلىق ھېس قىلسا؛

12. خەت يازغاندا ھەمىشە سۆز چۈشۈرۈپ قويسا ياكى خاتا يېزىپ سالسا؛

13. تېنى ئاجىزلاپ قالسا، كېچىدە ئۇخلىمىسا بولالماي قالسا؛

14. كۆپ ئۇيقۇسى كەلسە، لېكىن ئۇخلىيالمىسا، ئۇخلىغاندىمۇ قېنىپ ئۇخلىيالماي، تولا ئويغىنىپ كېچىدە رادىئو ئاڭلايدىغان ياكى كىتاپ ئوقۇيدىغان ئادىتى بولسا؛

15. كۆزى تېز ئاجىزلاپ كېتىپ، بىردەم كىتاب ئوقىسا، ياكى تېلېۋىزور كۆرسە، كۆزى چېكىلسا؛

16 دېمەكچى بولغان گېپى ئېغىزىنىڭ ئۇچىدىن قېچىپ كېتىپ تاپالمىسا، ئۇنتۇغاق بولۇپ قالسا.

ئىشلىنىش - ئىشلەنمەسلىكىدىكى ئاساسىي ھالقا — يەنىلا كادىر مەسىلىسىدۇر. شۇڭا، ئاز سانلىق
مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم.
بۇنىڭدا بىزنىڭ دېڭ شياۋپىڭنىڭ مىللەت نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشىمىزگە ۋە ئۇنى چوڭقۇر
تەتقىق قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ، شۇنداقلا يېڭى ئەمەلىيەت داۋامىدا بۇ نەزەرىيىنى تەرەققىي قىلدۇ-
رۇشىمىز لازىم. ئەسىر ھالقىش مەزگىلىدىكى مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، جەزمەن
ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئەسىر ھالقىش مەزگىلىدىكى
مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىزنىڭ ئاچقۇچى — يەنىلا دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن
باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىنى چىقىش قىلىشتا، شۇڭا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ
مىللەت ئالاھىدىلىكى ۋە رايون ئالاھىدىلىكىنى ئەستايىدىل، ئوبدان ئىگىلەپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن
ئىزدىگەن ھالدا مىللەتلەر سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقىشىمىز، بۇ ئارقىلىق، سىياسەتلەرنىڭ يۈزەكى بولۇپ
قېلىشتىن ۋە «ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەش» تىن ساقلىنىشتىن ئىبارەت. بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش
ئۈچۈن، جەزمەن ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇ-
رۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئومۇمىي ۋەزىيەتنى پۇختا ئىگىلەش ئارقىلىق، مىللەتلەر مەسىلىلىرىنىڭ
قانۇنىيىتىنى ئىگىلەش زۆرۈر. سوتسىيالىستىك دۆلەتتە بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش
— ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىنقىلاب ھېسابلىنىدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا
مىللەتلەر مەسىلىسىدە مەيدانغا چىققان يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، بۇ مەسىلىلەرنى
ھەل قىلىشنىڭ يېڭى تەپەككۇر يوللىرىنى ۋە يېڭى سىياسەتلەرنى شەكىللەندۈرۈپ، سوتسىيالىستىك
بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ئۇيغۇن مىللىي سىياسەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشىمىز لازىم. مىللەتلەر
سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە، جەزمەن بازار ئارقىلىق تەڭشەش بىلەن
ماكرولۇق تىزگىنلەشنى، ئوچۇق ئاشكارا رىقابەت بىلەن سىياسەت ئارقىلىق يۆلەشنى، ئۇنۇمنى ئالدىنقى
ئورۇنغا قويۇش بىلەن ئېتىۋار بېرىشتە ئادىل بولۇش قاتارلىقلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ
قىلىش لازىم. ئوخشاش بولمىغان رايون، ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاسا-
سەن، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ئاساستا تۈرلەرگە بۆلۈپ يېتەكلەش لازىم. ئەمەلىيەت داۋامى-
دا، تۆۋەندىكى پرىنسىپلارنى ئوبدان ئىگىلەش لازىم: سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە
ئۇيغۇنلۇشۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداشقا، مىللىي رايونلارنىڭ
ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە؛ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ رىقابەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈ-
رۈشكە، ئىجتىمائىي ئادىللىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى
ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق بولۇش. ئەسىر ھالقىش مەزگىلىدىكى مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى
ئىشلەشتە، جەزمەن پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش
لازىم. يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دېگەن: «جۇڭگونىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىغا نەزەر تاشلىساق،
يېڭى جۇڭگونىڭ مىللەتلەر سىياسىتى ئەڭ ياخشىكەن، دۇنيادىكى باشقا دۆلەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندى-
مۇ، بىزنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىمىز ئىنتايىن مۇۋاپىقىيەتلىك ئىكەن» بۇنداق ياخشى مىللىي سىياسەت-
كە ئىگە بولۇشىمىز ئەسىر ھالقىغان مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىزنىڭ ئاساسى. ئەمما،
بىز شۇنىمۇ كۆرۈپ يېتىشىمىز كېرەككى، ھەرقانداق سىياسەتنىڭ ئۈنۈملۈك ۋاقتى بولىدۇ، ھېچقايسى-
سى مەڭگۈ ئۆزگەرمەس بولىۋەرمەيدۇ. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئۇنى ئۈزلۈكسىز تەڭشەپ
تۇرۇشقا، تولۇقلاشقا ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

مەخمۇت ئىنايەت تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىن ئىمىننىياز

# مىللەت ۋە دىن

*

2000 ـ يىل 1 ـ سان (ئومۇمىي 30 ـ سان)

باشقۇرغۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەت،
دىن ئىشلىرى كومىتېتى
نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەت،
دىن ئىشلىرى كومىتېتى «مىللەت ۋە دىن»
ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي دوستلۇق يولى
22 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830000 تېلېفون: 4516959—(0991)
ئۈرۈمچى پاراۋانلىق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
بېسىلغان ۋاقتى: 2000 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى
باھاسى: 3.00 يۈەن

ئىچكى گېزىت ـ ژورناللارنى بېسىشقا
روخسەت قىلىش نومۇرى: 0206

《新疆民族宗教》2000 年第 1 期(总第 30 期)
地址:乌鲁木齐友好南路 22 号
邮编:830000　电话:(0991)4516959
乌鲁木齐福利印刷厂印刷
出版日期:2000 年 4 月 20 日
新疆内部期　准印证:第 0206 号

工本费:3.00 元